# Contents · مۇندەرىجە


| | | |
|---|---|---|
| 1. A survey of English Grammar | 1 | 1. ئىنگلىزتىلى گراماتىكىسىدىن ئومۇمى چۈشەنچە |
| 2. Nouns | 23 | 2. ئىسىملار |
| 3. Determiners | 49 | 3. چەكلىمە سۆزلەر |
| 4. Pronouns | 79 | 4. ئالماشلار |
| 5. Verbs | 113 | 5. پېئىللار |
| 6. Verb tenses | 157 | 6. پېئىل زامانلىرى |
| 7. Adjectives | 205 | 7. سۈپەتلەر |
| 8. Adverbs | 245 | 8. رەۋىشلەر |
| 9. Prepositions | 263 | 9. ئالدى قوشۇلغۇچىلار |
| 10. Simple sentence | 297 | 10. ئاددى جۈملە |
| 11. Sentence types | 319 | 11. جۈملە تۈرلىرى |
| 12. Multiple sentences | 327 | 12. قوشما جۈملىلەر |
| 13. Subordinate clauses | 339 | 13. بېقىندى جۈملىلەر |
| 14. Conditional sentences | 347 | 14. شەرتلىك جۈملىلەر |
| 15. Idioms | 353 | 15. ئىدىيوملار |


## Appendix قوشۇمچە مۇندەرىجە


| | | |
|---|---|---|
| 1. How to apply for a college in abroad? | 243 | 1. چەتئەل ئالى مەكتەپلىرىدە ئوقۇشنى قانداق ئىلتىماس قىلىش كېرەك؟ |
| 2. TOEFL / GRE / GMAT / TOEIC | 346 | 2. TOEFL / GRE / GMAT / TOEIC |
| 3. IELTS | 326 | 3. IELTS |


«ئۇيغۇر سوفت ئەل كاتىپ» يۇمشاق دېتالىدا تىزىلدى

*www.uighursoft.com*

# 1 • ئىنگلىزتىلى گراماتىكىسىدىن ئومۇمىي چۈشەنچە

# A survey of English Grammar


| | | |
|---|---|---|
| **Parts of the sentence** | **2** | **جۈملىنىڭ بۆلەكلىرى** |
| 1. The grammatical units | 2 | 1. گراماتىكىلىق بىرلىكلەر |
| **2. The grammatical hierarchy of the sentence** | 4 | 2. جۈملىنىڭ گراماتىكىلىق قاتلاملىرى |
| **Sentence** | **7** | **جۈملە** |
| 3. Form and function | 7 | 3. تۈزۈلۈشى ۋە رولى |
| **Clause structure** | **8** | **تارماق جۈملىنىڭ قۇرۇلمىسى** |
| **4. Central and peripheral elements of the clause** | 8 | 4. تارماق جۈملىنىڭ باش ۋە ئەگەشمە بۆلەكلىرى |
| 5. Adverbials | 9 | 5. ھالەتلەر |
| 6. Clause types | 10 | 6. تارماق جۈملىنىڭ تىپلىرى |
| 7. Objects and complements | 12 | 7. تولدۇرغۇچى ۋە تولۇقلىغۇچىلار |
| 8. Obligatory adverbials | 12 | 8. يۆكلىمە ھالەتلەر |
| 9. Use of different types of verbs | 13 | 9. ھەرخىل پېئىل شەكىللىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى |
| 10. Active and passive structures | 14 | 10. ئەسلى جۈملە ۋە مەجھۇل جۈملە شەكىللىرى |
| **Phrases** | **15** | **سۆز بىرىكمىلىرى** |
| 11. Phrases as clause elements | 15 | 11. جۈملە بۆلۈكى بولىدىغان سۆز بىرىكمىلىرى |
| 12. Verb phrases and noun phrases | 16 | 12. ئىسىم ۋە پېئىل سۆز بىرىكمىلىرى |
| 13. Summary of phrase structures | 17 | 13. سۆز بىرىكمىسى قۇرۇلمىلىرىنىڭ توپلىمى |
| **Word classes** | **19** | **سۆز تۈركۈملىرى** |
| 14. Introduction on word classes | 19 | 14. سۆز تۈركۈملىرى توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە |
| **Variations on the basic sentence patterns** | **20** | **ئاساسلىق جۈملە شەكىللىرىدىكى ئۆزگىرىشلەر** |
| 15. Subject and predicate | 20 | 15. ئىگە ۋە خەۋەر |
| 16. Operator and predication | 21 | 16. فۇنكسىيىلىك پېئىل ۋە خەۋەر بايانى |

# 2. Nouns ئىسىملار


| | | |
|---|---|---|
| 1. Introduction | 24 | 1. قىسقىچە چۈشەنچە |
| **Structures of noun phrase** | **24** | **ئىسىم سۆز بىرىكمىسىنىڭ قۇرۇلمىسى** |
| **Noun classes** | **26** | **ئىسىملارنىڭ تۈرلىرى** |
| **2. Count, noncount, common and proper noun** | 26 | 2. سانىلىدىغان، سانالمايدىغان، خاس ۋە تۈردەش ئىسىملار |
| 3. Concrete and abstract nouns | 27 | 3. كونكرېت ۋە ئابستراكت ئىسىملار |
| 4. Nouns with dual class membership | 28 | 4. قوش تۈرگە مەنسۇپ ئىسىملار |
| 5. Reclassification of nouns | 29 | 5. ئىسىملارنىڭ قايتا تۈرگە بۆلۈنىشى |
| **Count nouns** | **29** | **سانىلىدىغان ئىسىملار** |
| 6. Regular and irregular plural nouns | 29 | 6. قائىدىلىك ۋە قائىدىسىز كۆپلۈك ئىسىملار |
| **Regular plurals** | **30** | **قائىدىلىك كۆپلۈك ئىسىملار** |
| 7. Formation of regular plurals | 30 | 7. قائىدىلىك كۆپلۈك ئىسىملارنىڭ ياسىلىشى |
| 8. Pronunciation of plurals | 30 | 8. قائىدىلىك كۆپلۈك ئىسىملارنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشى |
| 9. Plural of compound nouns | 31 | 9. بىرىكمە ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك شەكلى |
| **Other plurals** | **32** | **باشقا كۆپلۈك ئىسىملار** |
| 10. Irregular plurals | 32 | 10. قائىدىسىز كۆپلۈك ئىسىملار |
| 11. Words of foreign origin | 32 | 11. باشقا تىللاردىن كىرگەن ئىسىملار |
| 12. Nouns which don’t change in the plural | 33 | 12. كۆپلۈك شەكلىدە ئۆزگىرىش بولمايدىغان ئىسىملار |
| 13.Nouns which look singular but are in fact plural | 34 | 13. بىرلىك شەكلىدە كۆرۈلىدىغان كۆپلۈك ئىسىملار |
| 14.Singular nouns ending in *–s* | 34 | 14. -s بىلەن ئاخىرلاشقان بىرلىك ئىسىملار |
| 15. Nouns which occur only in the plural | 34 | 15. كۆپلۈك شەكلىدىلا كۆرۈلىدىغان ئىسىملار |
| 16. Nouns can be either singular or plural | 35 | 16. بىرلىكمۇ، كۆپلۈكمۇ بولىدىغان ئىسىملار |
| **Noncount nouns** | **35** | **سانالمايدىغان ئىسىملار** |
| **Formation of nouns** | **37** | **ئىسىملارنىڭ ياسىلىشى** |
| 17. Gender nouns | 37 | 17. جىنس ئىسىملار |
| 18. Ending to describe size | 37 | 18. چوڭ-كىچىكلىكنى ئىپادىلەيدىغان ئارقا قوشۇمچىلار |
| 19. Nouns describing professions | 38 | 19. كەسىپنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىملار |
| 20. Abstract nouns | 39 | 20. ئابستراكت ئىسىملار |
| 21. Gerund (verbal nouns) | 40 | 21. ھەرىكەتنامىلار |
| 22. Distinguish nouns from verbs | 41 | 22. ئىسىملارنى پېئىللاردىن پەرقلەندۈرۈش |
| 23. Formation of compound nouns | 41 | 23. بىرىكمە ئىسىملارنىڭ ياسىلىشى |
| 24. The possessive form of nouns | 44 | 24. ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك كېلىش شەكلى |
| **Index: Common nouns formed from phrasal verbs** | 46 | توپلام: بىرىكمە پېئىللاردىن تۈزۈلگەن بىرىكمە ئىسىملار |
| Index: Common compound nouns | 48 | توپلام: كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بىرىكمە ئىسىملار |

لاتىن، گرېك تىللىرىدىن كىرگەن، ئەسلى شەكلىنى ساقلاپ قالغان كۆپلۈك ئىسىملار:

1· cactus, fungus, radius, stimulus, (genus -genera)
2· alga, formula, larva, verterbra
3· addendum, bacterium, curriculum, datum, erratum, medium, memorandum, stratum
(بۇ سۆزلەر دائىم دېگۈدەك كۆپلۈك شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ، شۇنداقلا بىرلىك شەكلىدە data، strata ۋە media دەپ ئىشلىتىلىدۇ.)
4· index
(بۇ سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلى indices بولسا ماتېماتىكىدا، قائىدىلىك كۆپلۈك شەكلى indexes بولسا كىتابلاردا ئىشلىتىلىدۇ.)
5· appendix(تىببىي ئىلمىدا، appendices كىتابلاردا ئىشلىتىلىدۇ. appendixes), matrix
6· analysis, axis, basis, crisis, diagnosis, hypothesis, oasis, parenthesis
synopsis, thesis criterion, phenomenon

## 12. كۆپلۈك شەكلىدە ئۆزگىرىش بولمايدىغان ئىسىملار Nouns which don not change in the plural

ئىنگلىز تىلىدا بىر قىسىم ئىسىملار بولۇپ، بىرلىك ۋە كۆپلۈك شەكىللىرى ئوخشاش بولۇپ، كۆپلۈك شەكلىدە كەلگەندە ئۆزگىرىش بولمايدۇ. بۇنداق ئىسىملاردىن بەزىلىرى كۆپلۈك ئىسىم شەكلىدە، يەنە بەزىلىرى بىرلىك ئىسىم شەكلىدە كۆرۈلۈشى مۇمكىن، بىراق يەنىلا بىرلىك ھەم كۆپلۈك شەكلىدە مەنە ئىپادىلەپ كېلىۋېرىدۇ.

1· series، بىلەن species· مىساللار:

He gave a series of lectures about English writing·
(ئۇ ئىنگلىز تىلى يېزىقلىچىلىقىغا دائىر بىرقاتار نۇتۇقلارنى سۆزلىدى.)

There have been several series of programmes on television about microchip technology·
(يېقىندىن بۇيان تېلېۋىزوردا مىكرو ياپراقچە تېخنىكىسى توغرىسىدا بىرقانچە يۈرۈش پروگراممىلار بېرىلىۋاتىدۇ.)

The white rhinoceros is an endangered species·
(ئاق تۇمشۇق بىر خىل يىرتقۇچ ھايۋانلار تۈرىگە مەنسۇپ.)

There are less than sixty species of butterfly in the British Isles·
(بىرىتانىيە ئارىلىدا ھەسەل ھەرىسىنىڭ ئاتمىشتىن ئازراق تۈرى بار.)

2· (1) -ese بىلەن ئاخىرلاشقان مىللەتناملىرى:

e·g· He is a Portuguese and his name is Richard· (ئۇ پورتۇگالىيىلىك، ئىسمى رىچارد.)
The Japanese are very industrious people· (ياپونلۇقلار ناھايىتى تىرىشچان خەلق.)

بۇلارغا ئوخشاش ئىسىملاردىن يەنە تۆۋەندىكىلەر بار:

Lebanese, Maltese, Sudanese, Vietnamese, Chinese

(2) -ish بىلەن ئاخىرلاشقان دۆلەت، مىللەت سۈپەتلىرىنى كۆپلۈك ئىسىم ئورنىدا ئىشلىتىمىز:

e·g· The Spanish are very proud of their country·

بۇنىڭغا ئوخشاش كۆپلۈك ئىسىم ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغانلىرىدىن يەنە تۆۋەندىكىلەر بار:

English, Swedish, Turkish, Irish, Polish

3. بەزى ھايۋانلارۋە قۇشلار (بولۇپمۇ تۇتۇپ يېيىشكە بولىدىغانلىرى) ئىسىملىرىنىڭ بىرلىك، كۆپلۈك شەكىللىرى ئوخشاش:
e·g· Birds(قۇشلار): duck, grouse, partridge, pheasant, snipe
Fish (بېلىقلار): carp, fish, herring, pike, plaice, salmon, trout
Mammals(سۈتخۇر ھايۋانلار) : deer, reindeer, sheep

باشقا كۆپ قىسىم ھايۋانلارنىڭ ئىسىملىرىنىڭ قائىدىلىك كۆپلۈك شەكىللىرى بار.

## 13. بىرلىك شەكىلدە كۆرۈلىدىغان كۆپلۈك ئىسىملار Nouns which look singular but are in fact plural

ئىنگلىز تىلىدىكى بەزى كۆپلۈك ئىسىملار بىرلىك شەكىلدىكى ئىسىملارغا ئوخشىشىپ كەتسىمۇ، بىراق ئۇ ئىسىملار ئەمەلىيەتتە كۆپلۈك مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. بۇنداق ئىسىملار ئىچىدە كۆپ قوللىنىلىدىغانلىرى:

Cattle, clergy, people, police

e·g· His cattle are considered the finest in this part of the Tangry Mountains·
(ئۇنىڭ پادىلىرى تەڭرى تاغلىرىنىڭ مۇشۇ قىسمىدىكى ئەڭ ياخشىسى ھېسابلىنىدۇ.)

The Roman Catholic clergy are looking forward to the people's help·
(رىم كاتولىك مۇخلىسلىرى خەلقنىڭ ياردىمىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ.)

I only want to see those people who have done all their work·
(مەن پەقەت خىزمىتىنى ئورۇنداپ بولغان ئاشۇ كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ باقماقچى.)

The police have admitted that they are being baffled by the crime·
(ساقچىلار ئۆزلىرىنىڭ جىنايى قىلمىش تەرىپىدىن توسقۇنلۇققا ئۇچراۋاتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى.)

## 14. s- بىلەن ئاخىرلاشقان بىرلىك ئىسىملار Singular nouns ending in *-s*

بەزى ئىسىملار قارىماققا كۆپلۈك شەكىلدىكى ئىسىملاردەك كۆرۈنىدۇ، بىراق ئەمەلىيەتتە بىرلىك ئىسىم بولۇپ، ئۇلاردىن ئەڭ كۆپ قوللىنىدىغانلىرى:

a. تەبىئىي شەكىللىنىپ قالغان ئىسىم news :

e·g· No news is good news· (.(خەۋەر) ھېچقانداق خەۋەرنىڭ بولمىغىنىنىڭ ئۆزى ياخشى)
Bad news travels faster·(.ياماں خەۋەر تېز تارقىلىدۇ)

b · بەزى كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەرگە ئورتاق قوللىنىدىغان ئىسىملار:

measles, mumps, rickets, shingles

c · بەزى مۇسابىقىلەرنىڭ ئىسىملىرى:

billiards, bowls, darts, dominoes, droughts

d · بەزى پائالىيەت ۋە تەتقىقات تارماقلىرىنىڭ ئىسىملىرى:

athletics, ceramics, classics, economics, ethics, gymnastics, linguistics, mathematics, phonetics, physics, politics

ئىزاھ:

statistics نىڭ ئىككى خىل ئىشلىتىلىشى

a · ستاتىستىكا ئىلمىنى كۆرسىتىدۇ. بىرلىك شەكىلدىكى پېئىللار بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

e·g· I have studied Statistics in college· (.مەن ئالىي مەكتەپتە ستاتىستىكا ئىلمىنى ئۆگەنگەن)

b · سانلىق مەلۇمات دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. كۆپلۈك شەكىلدىكى پېئىللار بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

e·g· These statistics describe college freshmen in 1972·
(بۇ سانلىق مەلۇماتلار 1971-يىلىدىكى ئالىي مەكتەپ يېڭى ئوقۇغۇچىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.)

## 15. پەقەت كۆپلۈك شەكىلدىلا كۆرۈلىدىغان ئىسىملار Nouns which occur only in the plural

### 1. ئىككى بۆلەكتىن تەركىب تاپقان بىر پۈتۈن شەيئىلەرنىڭ ئىسىملىرى

Tools (قورال-سايمانلار):

bnoculars, glasses, pliers, scales, scissors, shears, spectacles, tweezers

Clothing (كىيىم-كېچەكلەر):

races, knickers, pants, pajamas, Shorts, tights, trousers, underpants

ئىزاھلار:

1. بۇ ئو بىيېكىتلارغا a pair of نى قوشۇپ بىرلىك شەكىلدە ئىپادىلەشكە بولىدۇ.

e·g· a pair of glasses (بىر كۆزەينەك) a pair of trousers (بىر ئىشتان)

(بۇلارئىككى پارچە ئايرىم بۆلەكلەردىن تۈزۈلگەن a pair of stockings غا ئو خشاش كىيىم-كېچەك ئىسىملىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.)

2. بۇ خىل ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك شەكلىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن چوقۇم x pairs of شەكلىدە ئىشلىتىش كېرەك:

e·g· I need two shirts, three pairs of trousers and two pairs of pajamas·

(ماڭا ئىككى كۆڭلەك، ئۈچ ئىشتان ۋە ئىككى ئۇخلاش كىيىمى كېرەك.)

**2. كۆپلۈك شەكلىدىلا كۆرۈلىدىغان باشقا ئىسىملار**

بۇ خىل سۆزلەردىن 50 كە يېقىن سۆز بولۇپ، كۆپ قوللىنىلىدىغانلىرى:

arms (= weapons), clothes, contents, customs, earnings, goods, lodgings, means, minutes, odds, outskirts, premises, headquarters , regards, stairs, surroundings, thanks

## 16. بىرلىكمۇ، كۆپلۈكمۇ بولالايدىغان ئىسىملار Nouns can be either singular or plural

بىر گۇرۇپپىدىكى كىشىلەرنى كۆرسىتىدىغان ئىسىمنى بىرلىك شەكلىدىمۇ ياكى كۆپلۈك شەكلىدىمۇ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ئەگەر پۈتۈن گۇرۇپپىنى بىرلا شەيئى دەپ قارىساق، يەنى شۇ گۇرۇپپىدىكى ھەر بىرەيلەن بىر ئادەمدەك ھەرىكەت قىلىۋاتقان بولسا، بۇ گۇرۇپپىنى كۆرسىتىدىغان ئىسىم بىرلىك ئىسىم بولىدۇ.

e·g· The new Labour party has announced its programme·

(ئەمگەك پارتىيىسى ئۆزىنىڭ پروگراممىسىنى ئېلان قىلدى.)

The UN Security council has produced its final report·

(بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭىشى ئۆزىنىڭ ئاخىرقى دوكلاتىنى ئوتتۇرىغا قويدى.)

ئەگەر سىز بۇ گۇرۇپپىنى تەشكىل قىلغان يەككە شەيئىلەرنى ئويلاشسىڭىز، ئۇ ھالدا بۇ كۆپلۈك ئىسىم دەپ قارىلىدۇ .

e·g· The team are celebrating their victory tonight·

(بۇ كوماندىنىڭ ئەزالىرى بۈگۈن كەچ ئۆزلىرىنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەۋاتىدۇ.)

The staff are going to buy a leaving present for their supervisor·

(ئىشچى-خىزمەتچىلەر باشقۇرغۇچىغا ئايرىلىش سوۋغىسى سېتىۋالماقچى بولۇۋاتىدۇ.)

بۇ تۈردىكى سۆزلەر ئىچىدە ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغانلىرى:

Association, crew, class, crowd, majority, minority, club, committee, family, gang, the public, staff, company, council, government, group, team, union

ئەسكەرتىش: Cattle, clergy, people, police قاتارلىق ئىسىملار دائىم كۆپلۈك شەكلىدىكى ئىسىملار بولىدۇ.

# Noncount Nouns سانالمايدىغان ئىسىملار

سانىلىدىغان بىرلىك ئىسىملاردىن سىرت، سانالمايدىغان ياكى ئاسانلىقچە سانالمايدىغان نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرى كۆپىنچە بىرلىك ئىسىم شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ.

e·g· bread, coffee, cheese, milk, sugar, air, grass, soap, snow, water, fun, happiness
hope, laughter, sleep

بۇنداق ئىسىملارغا 'How much…?' (قانچىلىك...؟) دېگەندەك سوئاللارنى قويۇشقا بولىدۇ. بىراق 'How many …?' (قانچە...؟) دېگەندەك سوئاللارنى قويۇشقا بولمايدۇ. مەسىلەن:

How much milk do you want today· (بۈگۈن سىزگە قانچىلىك سۈت كېرەك؟)
How *many* milk do you want today? (خاتا)

بۇنداق سوئاللارغا تۆۋەندىكىدەك جاۋابلارنى بېرىشكە بولىدۇ: 'There is more of it' (ئۇنىڭدىن خېلى كۆپ بار.) ياكى 'There is less of it' (ئۇنىڭدىن ئازراق بار.)

www.meripet.org



سانىلىدىغان ئىسىملار بىلەن دائىم many ياكى سانلارنى بىرلىكتە ئىشلىتىشكە بولىدۇ، بىراق سانالمايدىغان ئىسىملاربىلەن much ياكى باشقا مىقدار سۆزلەرنى بىرلىكتە ئىشلىتىمىز.

**سانالمايدىغان ئىسىملارنىڭ ئالاھىدىلىكى:**

1) ئادەتتە كۆپلۈك شەكلى بولمايدۇ، دائىم بىرلىك شەكلىدە كۆرۈلىدۇ.

2) دائىم مىقدار سۆزلەر بىلەن بىرلىكتە ئىشلىتىلىدۇ.

a bottle of water     a glass of milk   a breath of air

3) بىرلىك شەكلىدە ئىسىملارغا a/an قوشۇلمايدۇ. ساناق سانلارنى بىۋاستە قوشۇپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. مەسىلەن:

*a water (خاتا)     *a milk (خاتا)     *an air (خاتا)

**سانالمايدىغان ئىسىملار تۆۋەندىكىدەك ئىسىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:**

1) بارلىق ماددىلار ۋە تۇراقلىق شەكىلگە ئىگە خام ئەشيا ھالىتىدىكى ماتېرىياللارنىڭ ئىسىملىرى. مەسىلەن:

milk   water   iron   rice   soil   oil

2) بارلىق -ness بىلەن ئاخىرلاشقان ئابستراكت ئىسىملار. مەسىلەن:

happiness   sadness   goodness

3) كېسەللەرنىڭ ناملىرى.

mumps   flu, influenza   cancer

4) تەنتەربىيە تۈرلىرىنىڭ ناملىرى. مەسىلەن:

football   table tennis   volleyball   golf

5) -ing بىلەن ئاخىرلاشقان ھەرىكەتنامىلار. مەسىلەن:

singing   running   driving   meeting

سانالمايدىغان ئىسىملارنى ئادەتتە مىقدار سۆزلەر بىلەن بىرلىكتە ئىشلىتىمىز، بۇ مىقدار سۆزلەر سانىغىلى بولىدىغان ئىسىملاردىن تەركىب تاپىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنى بىرلىك ھەم كۆپلۈك ئىككى خىل شەكىلدە ئىشلىتىۋېرىشكە بولىدۇ. سانىغىلى بولمايدىغان نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى ئادەتتە مىقدار سۆزلەرنىڭ سانىلىدىغان ئىسىم بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ ئىپادىلىسەك بولىدۇ. مەسىلەن:

e.g.  a slice /loaf (of bread)     a kilo (of sugar)     many kinds of cheese
a cup (of coffee)     plenty of sugar lumps     a lot of coffee-beans
a piece (of cheese)     three slices / loaves (of bread)
a pint ( of milk)     several bottles of milk

بۇلارغا 'How many are there?' (قانچىسى بار؟) دېگەندەك سوئاللارنى قويۇشقا بولىدۇ. ھەمدە مۇنداق جاۋاپلارنى بېرىشكە بولىدۇ: 'There are two (three ,four )of them' (ئۇلاردىن ئىككىسى (ئۈچى، تۆتى) بار.).

**ئىزاھلار:**

1. ئىنگلىز تىلىدا سانالمايدىغان بەزى ئىسىملار باشقا تىللاردا سانىلىدىغان ئىسىم بولۇشى مۇمكىن، تۆۋەندىكىلەر سانالمايدىغان ئىسىملار بولۇپ، ئۇلارنى كۆپلۈك ئىسىم ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولمايدۇ:

advice  baggage  furniture  hair  homework  information  luggage
news  progress  rubbish  work  money

بۇلارنىڭ كونكرېت مىساللىرى ئۈستىدە تۆۋەندىكىدەك ئىبارىلەرنى ئىشلىتىمىز.

a piece of advice   an article of luggage   a piece of furniture   a strand of hair

بۇلاردىن باشقا يەنە a lot of ، plenty of قاتارلىق نۇرغۇن مىقدار ئىبارىلىرىنى ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

2. hair با ش ياكى بەدەندىكى ساناقسىز چاچلارنىڭ تۈپىنى كۆرسىتىدۇ . سىز كۆپلۈك شەكلى hairs نى چاچلارنىڭ ئايرىم تاللىرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلەتسىڭىز بولىدۇ.

e.g.  He has got a good head of hair.   (ئۇنىڭ چېچى ناھايىتى ياخشى.)
You have got several blond hairs on your jacket. Tell me! Whose are they?
(چاپىنىڭىزدا بىر قانچە تال ئالتۇن رەڭلىك چاچلار تۇرىدۇ، ئېيتە، ئۇلار كىمنىڭ؟ )

3. ئىپادىلەنگەن مەنىسىگە ئاساسەن ھەم بىرلىك، ھەم كۆپلۈك ئىسىم بولالايدىغان قوش تۈرگە تەۋە بولىدىغان ئىسىملارغا دىققەت قىلىش كېرەك.

e.g.  A window made of glass.(ئەينەكتىن ياسالغان بىر دېرىزە )


www.bilgkut.com

Two glasses of wine·(ئىككى ئىستاكان هاراق)
Would you like some cake? (ئازراق تورت يەمسىز؟)
How many cakes have you made?(سىز تورتتىن قانچىنى پىشۇردىڭىز؟)
I haven't got much time·(مېنىڭ كۆپ ۋاقتىم يوق.)
We had a good time at the meeting·(بىز يىغىلىشتا ناهايىتى كۆڭۈللۈك ئولتۇردۇق.)
What beautiful hair!(نېمە دېگەن چىرايلىق چاچ بۇ!)
Waiter, there's a hair in my soup· (كۈتكۈچى، مېنىڭ شورپامدا چاچ تۇردۇ.)

# Formation of Nouns ئىسىملارنىڭ ياسىلىشى

## 17· جىنس ئىسىملار Gender nouns

باشقا يېقىنچىلىقى بار تىللارغا ئوخشىمايدىغان يېرى، ئىنگلىز تىلىدا ئۆچىنچى شەخس بىرلىكتىكى ئالماشلاردىن باشقا سۆزلەردە جىنس ئاساسەن ئېنىق گەۋدىلەنمەيدۇ. ئوخشاشلا ئىسىملاردىمۇ جىنس ئۇقۇمىنى گەۋدىلەندۈرىدىغانلىرى بىر قەدەر ئاز بولۇپ، جىنس ئۇقۇمىغا ئىگە بولغان ئىسىملارنىڭ تۆۋەندىكىدەك شەكىللىرى ۋە ياسىلىشى بار:

a .بۇنداق ئىسىملار نىڭ كۆپىنچىسى ئوخشاش بولمىغان سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ:

bachelor-spinster gentleman-lady king-queen son-daughter
boy-girl grandfather-grandmother lad-lass nephew-niece
brother-sister grandson-granddaughter landlord-landlady
cock-hen husband-wife man-woman uncle-aunt
father-mother Mr-Mrs(Miss,Ms)

b .بۇنداق ئىسىملارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئاساسى گەۋدىسى ئوخشاش بولۇپ، پەقەت ئاخىرقى بوغۇم ياكى ھەرپلەردە ئۆزگىرىش ياساش ئارقىلىقلا ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل جىنسنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ:

actor-actress god-goddess manager-manageress waiter-waitress
duke-duchess hero-heroine prince-princess widow-widower
emperor-empress usher-usherette

ئىنگلىز تىلىدا جىنس ئۇقۇمى يوق ئىسىملار بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، بۇنداق ئىسىملارنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەن ئالماشلارنىڭ باش كېلىش (he/she ) ياكى ئىگىلىك كېلىش ( her/his ) قاتارلىق شەكىللىرىنى ئۇچراتمىغىچە شۇ ئىسىم كۆرسەتكەن ئادەمنىڭ ئەر ياكى ئاياللىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. بۇنداق ئىسىملاردىن كۆپ ئۇچرايدىغانلىرى:

cousin friend foreigner guest neighbour parent person stranger
cook doctor journalist judge lawyer scientist student teacher

يۇقىرىدىكى ئىسىملارنى جىنس ئىسىملارغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن male ياكى female نى قوشۇپ ئىشلەتسەك بولىدۇ .
e·g· a male cousin a male nurse a female student

ئەگەر كەسپنى ئىپادىلەيدىغان جىنس ئىسىملارنى ياساقچى بولساق lady ياكى woman نى قوشۇپ ئىشلىتىمىز:
e·g· a lady doctor a woman driver a woman journalist

-man بىلەن ئاخىرلاشقان سۆزلەرنى -woman نى قوشۇش ئارقىلىق ئاياللىق جىنسنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرگە ئايلاندۇرۇشقا بولىدۇ.

businessman-businesswoman policeman-policewoman
salesman-saleswoman spokesman-spokeswoman

## 18· چوڭ- كىچىكلىكنى ئىپادىلەيدىغان ئارقا قوشۇمچىلار Endings to describe size

ئىنگلىز تىلىدا چوڭ-كىچىكلىكنى ئىپادىلەيدىغان ئارقا قوشۇمچىلار ناهايىتى ئاز بولۇپ، بۇلار ئاساسەن تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

*-let* (نەرسىلەرنىڭ كىچىك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ) e·g· booklet leaflet
*-ling* (مەلۇم بىر نەرسىنىڭ كىچىك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ) e·g· duckling

-ling (كۆز قارىشىمىز ئانچە چوڭقۇر بولمىغان شەيئىلەرنى ئىپادىلەشتە ئىشلىتىمىز) e.g. weakling hireling

ئەمما ئادەتتە بۇنداق مەنىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن سۈپەتلەر ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

1. نەرسىلەرنىڭ كىچىكلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن little، nice little ياكى tiny little قاتارلىق سۈپەتلەرنى ئىشلىتىمىز.

2. نەرسىلەرنىڭ چوڭلۇقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن big, great big, large قاتارلىقلارنى ئىشلىتىمىز.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بولۇپمۇ ئېلانلاردا بەزى نەرسىلەرنىڭ كىچىك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئالدى قوشۇمچە mini- بىلەن ئارقا قوشۇمچە -ett نى ئىشلىتىش ئەۋج ئالماقتا. تېخنىكىدا ئالدى قوشۇمچە micro ۋە macro قاتارلىقلار كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

e.g. microchip technology (مىكرو ياپراقچە تېخنىكىسى) macro-economics (ماكرو ئىقتىسادشۇناسلىق).

**كىچىك ۋە ھەم تەكرار ھادىسىلەرنى ئىپادىلەيدىغان ئارقا قوشۇمچىلار:**

بەزىدە سۆزلەرنىڭ ئارقىسىدىكى -ttle, -ddle, -bble, -mble, -tter, -iggle, -ingle, -inkle قاتارلىق قوشۇمچىلار ئارقىلىقمۇ شۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ھېس قىلىشۇالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

e.g. –inkle: twinkle winkle
-ingle: jingle tangle tingle
-ggle: giggle wriggle
-tter: chatter flutter mutter pitter-patter stutter
-mble: mumble ramble rumble stumble thimble (thumb)
-bble: bubble pebble quibble rabble rubble stubble
-ddle: cuddle muddle paddle puddle
-ttle: little tittle-tattle

يەنە بەزى ئىسىملار بولۇپ بۇ سۆزلەردىكى ئارقا قوشۇلغۇچىلاردىن يۇقىرىدىكىدەك كىچىكلىك ياكى تەكرارلىقنى بىلدۈرىدىغان مەنىلەر چىقمايدۇ. مەسىلەن: middle single letter ankle

## 19. كەسپنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىملار Nouns describing professions

مەلۇم بىر ئىشنى قىلىدىغان ئادەمنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئوخشاش بولمىغان ئارقا قوشۇمچىلار ئىشلىتىلىدۇ:

*1. - (e)r*

بۇ ئارقا قوشۇلغۇچى پېئىللارغىمۇ، ئىسىملارغىمۇ ۋە ئۆزلۈكچە ئايرىم مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدىغان سۆزلەرگىمۇ قوشۇلۇپ كېلىشى مۇمكىن.

*VER+(E)R*: bake-baker, build-builder, design-designer, manage-manager
speak-speaker, teach-teacher

*NOUN+(E)R*: engine- engineer, football-footballer, garden-gardener, law-lawyer,
photograph-photographer, trumpet-trumpeter

*Others*: butcher, carpenter, grocer, plumber, usher

*2. -or* :

e.g. actor, author, director, doctor, editor, professor, solicitor, surveyor, tailor.

*3. -ist, -ian, -ant, -ent* (بۇلار قوشۇلغاندا ئۇرغۇ بىر بوغۇمدىن يەنە بىر بوغۇمغا يۆتكىلىدۇ)

-ist:

a (بەزى چالغۇ ئەسۋابلارنى چالغۇچىلارنى ئىپادىلەيدۇ.)
e.g. 'cello —— 'cellist, pi'ano -'pianist, 'violin -vio'linist, trom'bone - trom'bonist ,

b. –ology -ologist (پەن ساھەسىدىكى خادىملارنى كۆرسىتىدۇ):
e.g. ge'ology -ge'ologist, orni'thology -orni'thologist, biology, ecology, zoology

c. –ics -icist (پەن ساھەسىدىكى خادىملارنى كۆرسىتىدۇ):

www.meripet.org



e·g· 'physics - 'physicist, eco'nomics - e'conomist

d · -ist
e·g· 'science - 'scientist, 'telephone - te'lephonist , 'chemistry - 'chemist, 'art - 'artist

-ian:
a · –ic(s) -icican:
e·g· mathe'matics - mathema'tician, 'music - mu'sician
'politics - poli'tician, sta'tistics - statis'tician

b · –ian
e·g· 'history - his'torian, 'library - li'brarian

-ant:
e·g· a'ccount -a'ccountant, a'ssist -a'ssistant, a'ttend - a'ttendant, con'sul-con'sultant, de'pend-de'pendant, in'form - in'formant, in'habit - in'habitant

-ent:
e·g· 'resident, superin'tendent

## 20. ئابستراكت ئىسملار Abstract nouns

ئابستراكت ئىسملار ئابستراكت ئۇقۇم ۋە چۈشەنچىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. كونكرېت ئىسملاردىن پەرقى شۇكى، كونكرېت ئىسملار (concrete nouns) رېئال دۇنيادا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان شەيئىلەرنى يەنى an egg، a house ياكى a girl قاتارلىقلارغا ئوخشاش شەيئىلەرنى ئىپادىلەيدىغان ئىسملاردىن ئىبارەت.

ئابستراكت ئىسملارنىڭ تۈزۈلىشى ۋە ئىپادىلەش ئوبيېكتى كونكرېت ئىسملارغا قارىغاندا ئالاھىدىرەك بولغاچقا بۇ بۆلەكتە ئابستراكت ئىسملار توغرىسىدا تەپسىلىيرەك توختىلىپ ئۆتىمىز.

ئابستراكت ئىسملار ئىسىم ، پېئىل ۋە سۈپەتلەرنىڭ كەينىگە تۆۋەندىكىدەك قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسىلىدۇ.

-tion (كۆپ قىسىم ئىسىملارنىڭ ئارقىسىغا ئۇلىنىدۇ.)
e·g· inform - information, situate - situation, solve - solution, nation, station

-sion · ( -de بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىللاردىن ئابستراكت ئىسىم ياسايدۇ.)
e·g· explode - explosion, persuade - persuasion, invade - invasion
conclude - conclusion, decide – decision

-sion, -ssion : ( –vert بىلەن ئاخىرلاشقان ئىسملاردىن ئابستراكت ئىسملارنى ياسايدۇ . )
e·g· convert - conversion, pervert - perversion

-ssion: ( -de,-d بىلەن ئاخىرلاشقان ئىسملارمۇ مۇشۇ شەكىلدىكى ئىسملارنى ياسايدۇ. )
e·g· succeed - succession, proceed - procession, recede - recession

-ment: ( كۆپىنچە پېئىللاردىن ياسىلىدۇ. )
e·g· amuse - amusement, judge - judgement, excite -excitement
argue - argument, state - statement, arrange – arrangement

-ness: ( كۆپىنچە سۈپەتلەردىن ياسىلىدۇ. )
e·g· sad - sadness, ready - readiness, useful - usefulness, red - redness,
busy - business [biznis]

-ance, -ence, --ancy, -ency:
e·g· independent - independence, attend -attendance, account - accountancy
efficient - efficiency , nuisance, conscience, emergency

-y, -ty, -ity, -iety : _( بۇنداق ئاخىرلاشقان ئىسملارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ماس سۈپەت شەكلى بولىدۇ. )


bilgkut@yahoo.com
www.bilgkut.com

-y: _ comic(al) - comedy, harmonious - harmony, jealous - jealousy, rival – rivalry

tragic - tragedy, autocracy, democracy, plutocracy, monarchy, oligarchy, anarchy

-ty: pity(adj: pitiful) beauty (beautiful), loyalty(loyal)

-ity: dense - density, equal - equality, hilarious - hilarity, scarce – scarcity

-iety: anxious - anxiety, notorious - notoriety, proper - propriety,
social - society, various – variety

-ability, -ibility: (-able,-ible بىلەن ئاخىرلاشقان سۈپەتلەردىن ياسىلىدۇ.)
e·g· probable - probability, respectable - respectability,
possible - possibility, responsible- responsibility

-t: high- height, weigh –weight

-th: (سۈپەتلەردىن تۈزۈلىدۇ، سوزۇق تاۋۇش ياكى ھەرپلەردە ئۆزگىرىش بولىدۇ)
e·g· broad - breadth, deep - depth, long - length, wide – width

-ship: relation - relationship, scholar - scholarship, workman – workmanship

-ism:
(سۈپەتلەردىن تۈزۈلىدۇ ، سوزۇق تاۋۇش ياكى ھەرپلەردە ئۆزگىرىش بولىدۇ ، بارلىق پەلسەپۋى سىستىما ۋە ئېتىقاد قاتارلىقلارنى ئىپادىلەشتە ئىشلىتىلىدۇ.)

| سۈپەتلەر | شۇغۇللانغۇچى ئادەم | ئېقىم ياكى ئېتىقادلار |
|---|---|---|
| Classical | Classicist | classicism |
| communist | communist | communism |
| conservative | conservative | conservatism |
| defeatist | defeatist | defeatism |
| liberal | liberal | liberalism |
| optimistic | optimist | optimism |
| pessimistic | pessimist | pessimism |
| realistic | realist | realism |
| romantic | romantic | romanticism |
| socialist | socialist | socialism |

-al: arrival (*vb* arrive), committal (*vb* commit), denial (*vb* deny), dismissal (*vb* dismiss)
proposal (*vb* propose), refusal (*vb* refuse), withdrawal (*vb* withdraw)

-dom: kingdom (*n* king), wisdom (*adj* wise)

-hood: likelihood (*adj* likely), neighbourhood (*n* neighbour)

-our: behaviour (*vb* behave), candour (*adj* candid), demeanour, endeavour
humour (*adj* humorous), favour, flavour, rancour, valour·

-or: horror (*adj* horrible), terror (*adj* terrible)

-ure: departure (*vb* depart)

*vb=verb پېئىل، adj=adjective سۈپەت، n=noun ئىسىم ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.*

## 21. ھەرىكەتناملار Gerund (verbal nouns)

ھەرىكەتنام- ئىش-ھەرىكەتنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان، پېئىللىق خاراكتېرىگە ئىگە بولغان سۆزلەردۇر. ئۇلار جۈملىدە ئاساسەن ئىسىملارغا ئوخشاش رول ئويناش بىلەن بىرگە يەنە پېئىل خاراكتېرىگە ئىگە بولغاچقا جۈملىلەردە يەنە پېئىللارنىڭ باشقا خەۋەرسىز شەكىللىرىگە ئوخشاش كۆپىنچە ئۆزىگە خاس تولدۇرغۇچى ۋە ھالەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ، بىراق يەنىلا ئىسىم سۆز بىرىكمىسىگە تەۋە بولۇپ، ئىسىم سۆز بىرىكمىسىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە بولىدۇ.

ھەرىكەتنامىلار ئاساسەن پېئىللارنىڭ ئەسلى شەكىللىرىنىڭ كەينىگە ing- نى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

Verb + ing

1. *سالامەتلىككە پايدىلىق بولغان ھەرخىل تەنھەرىكەتلەر:*

sporting, climbing, dancing, fishing, horse-riding, gliding, jogging, potholing, skiing, skating, shooting, surfing, swimming, walking

e·g· Fishing is my favorite sport· (بېلىقچىلىق مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان تەنھەرىكەت تۈرى.)
I am very interested in fishing· (مەن بېلىق تۇتۇشقا بەك قىزىقىمەن.)

2. *باشقا ئىش-ھەرىكەتلەر ۋە ئادەتلەر:*

bird-watching, drawing, drinking, eating, hitch-hiking, painting, sketching, smoking, stamp-collecting, touring, typing, listening, speaking, reading, writing·

e·g· Smoking in the public places is the worst behavior in the world·
(ئاممۋى سورۇنلاردا تاماكا چېكىش دۇنيادىكى ئەڭ ناچار ئادەت.)
I don’t like smoking· (مەن تاماكا چېكىشنى ياقتۇرمايمەن.)

## 22. ئىسىملارنى پېئىللاردىن پەرقلەندۈرۈش Distinguish nouns from verbs

ئىنگلىز تىلىدا ئۇرغۇنلىغان سۆزلەر بولۇپ قۇرۇلمىسىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولماستىن ھەم پېئىل ھەم ئىسىم بولالايدۇ. بۇنداق سۆزلەرنى پەقەت ئىشلىتىلىش ئەھۋالىغا قاراپ پەرقلەندۈرىمىز.

e·g· I have got a lot of ***work*** to do·(*noun*) (مېنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلىرىم بار.)
I ***work*** in a factory·(*verb*) (مەن بىر زاۋۇتتا ئىشلەيمەن.)

باشقا كۆپ ئىشلىتىدىغانلىرى:

charge, comment, copy, cut, dance, design, diet, drink, hope, hurry, lift, look, love, offer, notice, paint, plan, post, promise, queue, reply, shout, sleep, smell, stay, stock, stop, study, swim, taste, travel, visit, walk, welcome, worry·

ئىزاھ:

1. ئىنگلىزتىلىدا 50ئەتراپىدا سۆز بولۇپ ئۇرغۇ بىرىنچى بوغۇمدا كەلسە ئىسىم ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ، ئىككىنچى بوغۇمدا كەلسە پېئىل ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ:

*e·g· Noun:* I have a ***present*** for you· [ *'present* ] (مەندە سىزگە بېرىدىغان بىر سوۋغا بار.)
*Verb:* May I ***present*** Mrs Kennedy? [*pre'*sent](كىنىدىي خانىمنى كۆپچىلىككە تونۇشتۇرسام بولامدۇ؟ )

بۇنداق سۆزلەردىن كۆپ قوللىنىدىغانلىرى:

export, extract, import, increase, permit, present, protest, record, survey, suspect, abstract, conduct, conflict, digest, discount, escort, insult, perfume, produce, progress, rebel, refill, refund·

2. *use* غا ئوخشاش بەزى ھەم ئىسىم، ھەم پېئىل ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەرنىڭ ئىسىم ۋە پېئىل شەكلىنىڭ تەلەپپۇزىدا ئۆزگىرىش بولۇپ، ئىسىم بولغاندا [jus]، پېئىل بولغاندا [juz] دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

3. ئەنگلىيە ئىنگلىزتىلىدا، practice (ئىسىم) بىلەن practise ( پېئىل) بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرۈلۈپ يېزىلىدۇ.

4. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ يېزىلىش ھەم تەلەپپۇزىنىڭ ھەرئىككىسىدىلا ئۆزگىرىش بولىدۇ:

advice (noun) [∂d'vais] device (noun) [di'vais]
advise (Verb) [∂d'vaiz] devise (verb) [di'vaiz]

## 23. بىرىكمە ئىسىملارنىڭ ياسىلىشى Formation of compound nouns

بىرىكمە ئىسىملار ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئىسىملارنىڭ بىرىكىشىدىن شەكىللەنگەن ئىسىملاردىن ئىبارەت. مەسىلەن، steam-engine، swimming-pool ، bedroom ، policemen قاتارلىق ئىسىملار بىرىكمە ئىسىملار بولۇپ، ئۇلار ھەممىسى ئىككىدىن ئىسىم ياكى بىر ئىسىم ۋە ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كەلگەن ھەرىكەتنامىدىن تەركىب تاپقان.

بىرىكمە ئىسىملار ناھايىتى كۆپ ئىشلىتىلىدۇ، شۇنداقلا يېڭى بىرىكمە ئىسىملار ھەر ۋاقىت ئۆزلۈكسىز مەيدانغا كېلىپ تۇرىدۇ.

### a. بىرىكمە ئىسىمنى تۈزگۈچى ئىككى بۆلەكنىڭ مەنىسى

بىرىكمە ئىسىملارنىڭ ئىككىنچى بۆلىكىدىكى سۆزلەر ( يەنى تۆۋەندىكى مىساللاردىكى engine ، pool ، room ، man قاتارلىقلار) بىز ئېيتىۋاتقان ئوبيېكت ياكى ئادەمنى كۆرسىتىدۇ. بىرىنچى بۆلىكىدىكى سۆزلەر ( يەنى police، bed ، swimming ، steam قاتارلىقلار)بىزگە ئىككىنچى بۆلىكىدىكى ئادەم ياكى نەرسىنىڭ قايسى تىپتىكى ياكى تۈردىكى ئادەم ياكى ئوبيېكت ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ ياكى ئوبيېكتنىڭ مەقسىتىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

e·g· A *policeman* is a man who works in the police force·

(ساقچى- ساقچى تارماقلىرىدا ئىشلەيدىغان ئادەم.)

A *bedroom* is a room with a bed·(a room for sleeping in·)

(ياتاق ئۆي- كارىۋات قويۇلغان، ئۇخلايدىغان ئۆي.)

A *swimming pool* is a pool for swimming in ·

(سۇ ئۈزۈش كۆلچىكى- سۇ ئۈزۈشكە ئىشلىتىلىدىغان كۆلچەك.)

A *steam engine* is a type of engine which is driven by steam·

(ھور ماشىنىسى - ھور ئارقىلىق قوزغىتىلىدىغان بىر خىل ئۈسكۈنە.)

| | |
|---|---|
| | Man |
| | Room |
| | Pool |
| | Engine |
| بۇلار كىم ياكى نېمە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ | |



| | |
|---|---|
| Police | |
| Bed | |
| Swimming | |
| Steam | |
| بۇلار قانداق تىپ ياكى مەقسەت ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ | |



يۇقىرىدىكىدەك مەنە ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن a houseboat بىلەن a boathouse نى سېلىشتۇرساق، a houseboat بولسا بىرخىل قېيىقنى كۆرسەتسە، a boathouse بولسا بىرخىل بىنانى كۆرسىتىدۇ.



For example: A houseboat is a kind of boat, but a boathouse is a kind of building·

 ***tea cups*** e·g· a teacup, i·e· a cup designed to contain tea ·

 ***cups of tea*** e·g· a cup of tea, i·e· a cup filled with tea·

 ***a milk bottle (بىر دانە سۈت بوتۇلكىسى)*** and ***a bottle of milk (بىر بوتۇلكا سۈت)*** 

 ***a matchbox (بىر سەرەڭگە قېپى)*** and ***a box of match (بىرقاپ سەرەڭگە)*** 

 ***a cigarette packet (بىر تاماكا قېپى)*** and ***a packet of cigarettes (بىر قاپ تاماكا)*** 

 ***a flower vase (بىر گۈل تەشتىكى)*** and ***a vase of flowers (بىر تەشتەك گۈل)*** 

### b . بىرىكمە ئىسىملارنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشى

بىرىكمە ئىسىملاردا ئۇرغۇ بىرىنچى سۆزگە چۈشىدۇ :

e·g· *po'lice*man '*swimming*-pool '*bed*room '*steam* engine

قىسمەن ئەھۋاللاردا ئۇرغۇ ھەر ئىككى سۆزگە چۈشۈشى مۇمكىن:

e·g· 'headmaster or 'head'master

كۆپ قىسىم سۆز بىرىكمە شەكلىدىكى پېئىللاردىن تۈزۈلگەن بىرىكمە ئىسىملار قائىدىلىك ئىسىملار بولۇپ، 'passer-'by ۋە 'hanger-'on قاتارلىقلاردىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئۇرغۇ بىرىنچى بۆلىكىگە چۈشىدۇ.

ئۇرغۇغا ئاساسەن *greenhouse*' (ئۆسۈملۈك ئۆستۈرىدىغان ئۆي، پارنىك) ، *blackbird*' ( بىرخىل يېقىملىق سايرايدىغان قۇش ) غا ئوخشاش بىرىكمە ئىسىملار سۈپەتلەر بىلەن كەلگەن *green 'house* (يېشىل سىرلانغان ئۆي ) ، *black 'bird* (قارا رەڭلىك قۇش ) غا ئوخشاش ئاددىي سۆزلەردىن پەرقلىنىدۇ.

| COMPOUND (بىرىكمە ئىسىم) | ADJECTIVE + NOUN (ئىسىم+سۈپەت) |
|---|---|
| a 'greenhouse | a green 'house |
| a 'blackbird | a black 'bird |

بىرىكمە ئىسىملارنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا ئىشلىتىلگەن ئىسىم بىلەن سۈپەتلەر ئىشلىتىلگەن بىرىكمىلەردىكى سۈپەتلەرنى پەرقلەندۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم :

COMPOUND NOUN a 'woman-hater = someone who hates woman (ئاياللارغا ئۆچ ئادەم)
ADJECTIVE + NOUN a woman 'driver = a female driver (بىر ئايال شوپۇر)
COMPOUND NOUN a 'ladybird (ladybird) = a species of beetle (بەخت قۇشى)
ADJECTIVE + NOUN a lady 'doctor = a female doctor (ئايال دوختۇر)
COMPOUN NOUN a 'schoolboy = a male pupil (ئوقۇغۇچى)
ADJECTIVE + NOUN school 'premises = the buildings and grounds of the school (مەكتەپ شارائىتى)

يۇقىرىدىكىدەك پەرقلەر تۆۋەندىكى بىر جۈپ ئىبارىدىمۇ كۆرۈلىدۇ:

an 'English teacher = someone who teaches English (ئىنگلىزتىلى ئوقۇتقۇچىسى)
an English 'teacher = a teacher who is English (ئىنگلىز ئوقۇتقۇچى)

### c. يېزىلىشى:

بىرىكمە ئىسىملارنىڭ ئىككى بۆلىكىنى تۆۋەندىكىدەك ئۇسۇللار بىلەن يېزىشقا بولىدۇ:

1. بىر سۆزدەكلا يېقىن يېزىلىدۇ. مەسىلەن : armchair bedroom
2. سىزىقچە بىلەن ئايرىلىپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن : swimming-pool air-brake
3. ئىككى سۆزدەك ئايرىپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن : steam engine

ئۇزۇندىن بۇيان ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان، ئىككى قىسقا بۆلەكتىن تۈزۈلگەن بىرىكمە ئىسىملار بىرلا سۆزدەك يېزىلىدۇ.
e·g· homework breakfast cupboard

باشقا كۆپ قىسىم سۆزلەر يۇقىرىدىكى قائىدىلەر بويىچە يېزىلىدۇ، بىراق ھازىرغىچە بۇنداق سۆزلەرنى خاتىرلەشتە ئېنىق قائىدە يوق، ھەتتا لۇغەتلەردىمۇ بۇنداق قۇرۇلمىلار بەزىدە رەت قىلىنىشى مۇمكىن. كۆپىنچە ئەھۋاللاردا بىرىكمە ئىسىملار بىر سۆزدەك قوشۇپ يېزىلسا بولىدۇ. ئەگەر جەزملەشتۈرەلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا ئىككى سۆز بويىچە ئايرىپ يېزىلسىمۇ چوڭ ئۆزگىرىش يۈز بەرمەيدۇ.

### d. شەكىللىرى

تۆۋەندىكى جەدۋەلدە ئىسىم، پېئىل، سۈپەت ۋە رەۋىش خاراكتېرلىك سۆزلەردىن بىرىكمە ئىسىملارنى ياساشتىكى ئوخشاش بولمىغان باغلىنىش ئۇسۇللىرى بېرىلدى.





| | Noun | Verb | Adverbial |
|---|---|---|---|
| Noun + | history teacher daylight<br>motorcycle goldfish<br>oil well fire engine<br>bedclothes snowball<br>girlfriend babysitter | rainfall<br>haircut<br>book-keeping<br>horse-riding | 'passer-'by<br>'hanger-'on |
| Verb + | turntable washing machine<br>punchcard chewing gum<br>swimming-pool | | throwaway<br>cutout<br>lookout |
| Adjective+ | greenhouse blackboard<br>shorthand heavyweight<br>highbrow blueprint | 'dry-'cleaning | |
| Adverbial+ | onlooker<br>bystander | offset<br>income<br>outlook | |

# 24. ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك كېلىش شەكلى The possessive form of nouns

ئىنگلىز تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش شەكىللىرىدىن پەقەت باش كېلىش بىلەن ئىگىلىك كېلىشلا بىر قەدەر روشەن شەكىللەرگە ئىگە بولۇپ، باش كېلىش شەكلى ئىسىملارنىڭ ئەسلى شەكلىدىنلا ئىبارەت، ئىگىلىك كېلىش شەكلى ئەسلى شەكلىگە مەلۇم ياردەمچى بىرلىكلەرنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. باشقا كېلىشلەر ئۈچۈن پەقەت ئەسلى شەكلىنى ئىشلىتىشلا كۇپايە.

ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك كېلىش شەكلى ئادەم، ئادەملەر توپى (دۆلەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ھايۋانلار ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرى بىلەن ئىشلىتىلىپ، ئۇلارنىڭ باشقا شەيئىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئىگىلىك مۇناسىۋەت دەل مۇشۇنداق ئىگىلىك كېلىش شەكلى تەسۋىرلەپ كېلىدىغان بىردىنبىر مۇناسىۋەتتۇر.

## ئىگىلىك كېلىشنىڭ مەنىسى

| ئىگە<br>Possessor form | ئىگە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئوبيېكت<br>Object | | ئىگىلىك كېلىش بىلەن ئىپادىلىنىشى<br>Expressed in possessive |
|---|---|---|---|
|  Yusup + |  | ***some books*** which belong to him<br>(يۇسۇپكە تەئەللۇق كىتابلار) | = They are ***Yusup's books***<br>= (ئۇلار يۇسۇپنىڭ كىتابلىرى) |
|  Amine + |  | she studies at *this school*·<br>(ئۇ بۇ مەكتەپتە ئوقۇيدۇ.) | = This is *Amine's school*·<br>= (بۇ ئامىنەنىڭ مەكتىپى.) |
|  the teacher ---> | Great job! | *an idea* which he has had<br>(ئۇنىڭدا پەيدا بولغان پىكىر) | = It is *the teacher's idea*·<br>= (ئۇ مۇئەللىمنىڭ پىكرى.) |
|  the boys + |  | this is *the car* which they use·<br>(ئۇلار ئىشلىتىدىغان ماشىنا) | = This is *the boys' car*·<br>= (بۇ ئاشۇ بالىلارنىڭ ماشىنىسى.) |
|  + |  | *space shuttle*<br>(ئالەم كېمىسى) | = *USA's space shuttle*<br>= (ئامېرىكىنىڭ ئالەم كېمىسى) |

## ئىگىلىك كېلىش شەكلىنىڭ ياسىلىشى

ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك كېلىش شەكلى ئىسىملارنىڭ كەينىگە s' قوشۇش ئارقىلىق ياكى –of– شەكلىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

ئەگەر ئىسىملار جانلىق شەيئىلەرنىڭ ئىسىملىرى بولسا ئىسىملارنىڭ كەينىگە ئاساسەن s' نى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ئەگەر ئىسىملار s- بىلەن ئاخىرلاشقان كۆپلۈك ئىسىملار بولسا، شۇ ئىسىملارنىڭ كەينىگە پەقەت پەش (') لا قوشۇلىدۇ. باشقا نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرى بولسا كۆپىنچە –of– شەكلىدىن پايدىلىنىپ ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

+ 's: Michael - Michael's   woman - woman's   Anna - Anna's   children - children's
+ ' : the boss - the boss's   the boys - the boys'   ladies - ladies'   the Smiths - the Smiths'
–of– : Bank of China   the screen of the television   the top speed of the car

## ئىگىلىك سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى

ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك كېلىش شەكلى چەكلىمە سۆز فۇنكسىيىسىگە ئىگە بولغاچقا ئىگىلىك كېلىش بىلەن باشقا چەكلىمە سۆزلەرنى بىر سۆز بىرىكمىسىدە تەڭ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، بىراق سۈپەتلەر بىلەن چەكلىمە سۆزلەرنى ياكى ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك كېلىش شەكىللىرىنى بىرلىكتە ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

بىر سۆز بىرىكمىسىدە چەكلىمە سۆز بىلەن سۈپەتلەرنى بىرلىكتە ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە، سۈپەتلەر چەكلىمە سۆزلەردىن ياكى ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك كېلىش شەكلىدىن كېيىن ئىشلىتىلىدۇ.

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| Yusup + some books | - | [Yusup + 's ] | + | [ ~~some~~ books ] | = | Yusup's books |
| Amine + this school | - | [Amine+ 's ] | + | [ ~~this~~ school ] | = | Amine's school |
| the boss + an idea | - | [ the boss + 's ] | + | [ ~~an~~ idea ] | = | the boss's idea |
| the boys + the car | - | [ the boys + ' ] | + | [ ~~the~~ bedroom ] | = | the boys' bedroom |
| USA + space shuttle | - | [ USA + 's ] | + | [space shuttle] | = | USA's space shuttle |

**ئىزاھ:**

1. بىرىكمە ئىسىملار بىلەن قىسقا ئىسىم سۆز بىرىكمىلىرىدىن ئىگىلىك كېلىش شەكلى ياسىماقچى بولغاندا، بۇلارنىڭ كەينىگە كۆپىنچە 's قوشۇلۇپ كېلىدۇ: مەسىلەن :

mother-in-law - his mother-in-law's opinion, sergeant major - a sergeant major's duties
the Duke of Edinburgh - the Duke of Edinburgh's latest speech

2 . -s بىلەن ئاخىرلاشقان ئىسىملار:

ئىنگلىز تىلىدىكى كىشى ئىسىملىرى ئىچىدە -s بىلەن ئاخىرلاشقان بىرىنچى ئىسىملار (e·g· Thomas) ئازراق، ئۇرۇق-جەمەتنى ھەم فامىلىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار ( e·g· Davies, Jones ) كۆپرەك بولۇپ، ئېغىز تىلىدا بۇنداق ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك كېلىش شەكلىنى شۇ ئىسىملارنىڭ كەينىگە [iz] تاۋۇشىنى قوشۇش ئارقىلىق ئىپادىلەيمىز.

e·g· Thomas [‘tɔməs ] [‘tɔməsiz ] Jones [ dʒounz ] [ dʒounziz ]

يېزىق شەكلىنى 's ياكى ' بولسىمۇ بولىۋېرىدۇ ، كۆپىنچە 's ئىشلىتىلىدۇ:

e·g· Thomas' = Thomas's , Jones' = Jones's

## ئىگىلىك شەكلىنى ياسايدىغان ئارقا قوشۇلغۇچىلارنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشى

ئىسىملارنىڭ كەينىگە 's نى قوشقاندا ئۇ كۆپلۈك ئىسىملاردىكى -s نىڭ تەلەپپۇز قىلىنىش قائىدىسى بويىچە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

*Voiced ( جاراڭلىق ) [z] :*

e·g· the dog's , Alan's , Anna's , the council's

*Voiced (جاراڭلىق) [iz]:*

e·g· the horse's , George's , the boss's , Selfridges's

*Unvoiced (جاراڭسىز) [s] :*

e·g· cat's , Philip's , the staff's

## ئىگىلىك كېلىش شەكلىنىڭ باشقا ئىشلىتىلىشلىرى

a. ئىگىلىك كېلىش شەكلى بىر قىسىم ۋاقىت ئىبارىلىرى ۋە يەنە ئاز بىر قىسىم تۇراقلىق ئىبارىلەر بىلەن بىللە ئىشلىتىلىدۇ:

| | |
|---|---|
| a day's work | For heaven's sake ( ھەمدە باشقا sake بىلەن بىللە كېلىدىغان ئىبارىلەر ) |
| a month's salary | at the water's edge |
| a fortnight's holiday | a stone's throw from her (not far from here ) |

www.meripet.org



yesterday's newspaper      a pound's worth of stamps
tomorrow's program      in two year's time

ئىگىلىك كېلىش شەكلى يەنە پاراخوت، كېمە ۋە باشقا قاتناش ۋاستىلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىشلىتىلىدۇ
e·g· the ship's crew , a car's top speed

بىراق نەرسىلەر (ئادەم ئەمەس) ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەش ئۈچۈن - OF - شەكلىنى ئىشلەتكەندە تېخىمۇ ياخشىراق بولىدۇ.مەسىلەن: the crew of the ship      the top speed of a car

ئەسكەرتىش : يەنە بىر قىسىم نەرسىلەر بىلەن نەرسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىگىلىك كېلىش شەكلى NOUN + NOUN شەكلىدىكى بىرىكمە ئىسىملار ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ:
e·g· bedclothes ( = the clothes of the bed ), doorbell ( = the bell of the door )
television screen ( = the screen of the television )

ئىزاھ:
- OF - قۇرۇلمىسى *( THE X OF THE Y )* نى ئادەملەر بىلەن بەزىدە خاتا چۈشىنىش ئەھۋاللىرى يۈز بېرىپ قېلىش ئېهتىماللىقى بار بولغان يەرلەردە ئىشلىتىشكە بولىدۇ. مەسىلەن :
This is the photograph of the woman I love·( بۇ مەن ياخشى كۆرىدىغان ئايالنىڭ رەسىمى )
بۇ جۈملىنى چۈشىنىش تۆۋەندىكى جۈملىنى چۈشىنىشتىن ئاسانراق بولىدۇ.
This is the woman's photograph I love· ( بۇ بولسا بۇ ئايالنىڭ مەن ياخشى كۆرىدىغان رەسىمى )
بۇ جۈملە،مەن بۇ رەسىمنى بۇ ئايالدىن بەكرەك ياخشى كۆرىمەن دېگەن مەنىنى بېرىپ قويۇشى مۇمكىن.
This is the woman I love's photograph· (بۇ جۈملە گىرامماتىكىغىمۇ ئۇيغۇن ئەمەس ھەم چۈشىنىكسىز .)

b· *at the grocer's* گە ئوخشاش ئىبارىلەر:
ئادەتتە shops ، restaurants ، colleges ، churches قاتارلىقلار شۇلارنىڭ ئىگىسى ياكى ، قۇرغۇچىسى قاتارلىقلارنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدۇ:

| *Shop* | | *Surgery /office* | *Church* | *Restaurant* |
|---|---|---|---|---|
| the butcher's | the jeweller's | the dentist's | Saint Joseph's | Luigi's |
| the florist's | Harrod's | the doctor's | | Tiddy Dol's |
| the greengrocer's | Macy's | the optician's | *College* | Wheeler's |
| the grocer's | Marks and Spencer's | the vet's | Saint John's | |

Examples:

I bought it at Woolworth's· (مەن ئۇنى ۋۇل ۋورستىن سېتىۋالغان.)
I've got to go to the doctor's at four o'clock. (مەن دوختۇرنىڭكىگە سائەت تۆتتە بېرىپ بولۇشۇم كېرەك.)
He was at Saint John's· (ئۇ ئىلگىرى سەينت جون ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىدى.)
Is Saint Joseph's a Catholic church ? (سەينت جوسفنىڭكى كاتولىك چىركاۋىمۇ؟)
We had dinner at Yasin Satang's last night· (بىز ئاخشام كەچ ياسىن سەتەڭ ئاشخانىسىدا غىزالاندۇق.)

ئىسىم سۆز بىرىكمىسىدىكى باشقا بىرلىكلەر كېيىنكى بابلاردا سۆزلىنىدۇ.

## I تولۇقلىما: بىرىكمە پېئىللاردىن تۈزۈلگەن بىرىكمە ئىسىملار ۋە سۈپەتلەر

**Common nouns and adjectives formed from phrasal verbs**

a breakdown (of a machine or a system )
a breakdown (= an analysis of accounts or statistics )
a break-in (a burglary )
a breakthrough (e·g· a scientific advance )
the break-up of a relationship
an outbreak (= an epidemic )
a build-up
an outburst ( =a violent explosion of emotion)
cast-off clothing

to make a comeback
the outcome ( = the result )
a comedown ( =reduction of status or standard of living )
an outcry ( =a strong protest )
the cut-off point
a cutback (e.g. in costs or expenses )
a drawback ( =a disadvantage )
a drive-in cinema or bank
a drop out ( someone who rejects the social system by e.g. , not completing his / her education )
a drop-off ( e.g. in interest or attendance )
a fall-out shelter ( fall-out is the radioactive dust from a nuclear explosion )
feedback ( the information you get back from a computer; response to something you have done )
a flyover ( a broad over another road for fast moving traffic )
the getaway car ( used by thieves )
a give away remark ( = a remark which reveals to much )
a go-between ( = an intermediary )
an ongoing process (= continuing )
a hand –out ( something given as an act of charity )
or ( an information or publicity leaflet)
a hold-up ( a delay, or an armed robbery )
a hangover (something ,often unwanted, which has survived from an earlier times )
the layout ( e.g. of a page )
the outlay ( the money you need to spend to start a project )
an overlay (used with an overhead project )
a letdown ( a disappointment )
an outlet (e.g. a market for your goods )
an inlet ( e.g. the place where something is drawn into a machine )
the outlook (= the prospects for the future )
a lookout ( = a man on guard )
"It is your own lookout." = it is your fault or your responsibility .
makeup (=lipstick, powder, etc., to beautify the face)
the payoff ( = the benefit or profit from an enterprise)
an underpass (a road for through traffic under another road Compare flyover)
a pull-in (e. g. a roadside shop or café)
a pullover (a sort of sweater which you 'pull over' your head )
output ( =production )
input (= e.g. the effort put into a project ,or the information initially fed into a computer )
a put-up job ( = an action intended to deceive )
offputting ( discouraging , unattractive )
a runabout ( e.g. a small town car )
the run-up ( e.g. the time just before an important event such as an election )
a runaway success ( outstanding , greater than anyone expected )
a rundown ( usually a verbal analysis of a situation to inform another person )
a see-through blouse (= transparent )
a send-up ( = a satirical representation of someone or something official )
a wonderful send-off ( = a farewell ceremony for, e.g. newly-weds )
a set-back ( = an interruption to the progress of a project )
the set-up ( = the way things are organized , the situation )
at the outset ( = at the very beginning of a project )
the shutdown ( = the time a plant or a factory is closed for maintenance )
a sit-in ( = the illegal occupation of a building as a form of protest )
a slip-up ( = a mistake or an accident which interrupts a plan )
a stand-in ( = a substitute )
on stand by (= a method of getting a cheap flight by arriving at the airport without a booking in the hope that there will be an empty seat )
( or = being ready to do something if necessary , e.g. replace a sick colleague
outstanding ( = excellent, remarkable )
a takeaway ( a place where you can buy and take away ready cooked food )
the intake ( = the new students at the beginning of a course )
the takeoff ( = the departure of an air-plane ,the moment of leaving the ground )

a takeoff ( = a send-up , i.e. a satirical impersonation )
a takeover ( = in business , the method by which one company gains control of another )
a throwaway razor
a downturn ( in business , a decline )
an upturn ( in business , an improvement )
a good turnout ( = a good attendance at a meeting or other event )
a walkover (= an easy victory )
a washout ( slang = a total failure )

## A list of common compound nouns كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بىرىكمە ئىسىملار توپلىمى

adding machine
air-conditioning
aircraft
airport
armchair
armpit
ashtray
baby clothes
baby-sitter
backache
bank clerk
bathing costume
bathroom
bath towel
beach bag
bedroom
blackbird
blackboard
bloodstain
blood test
blueprint
boardroom
boiling point
bookcase
book-keeping
booklist
bookshop
boyfriend
bricklayer
briefcase
building site
building society
bus stop
campsite
carving knife
cassette recorder
chairman
chessboard
chess set
cigarette lighter
cleaning lady
coalmine
coat-hanger
coffee cup
coffee pot
credit card
crossword puzzle
dance hall
daybreak
daylight
deckchair
dining room
dinner jacket
diving board
doorbell
drawing board
dressing gown
dressmaking
drinking water
dustbin
earache
earrings
earthquake
exit visa
eyebrows
eyelashes
eyelids
filing cabinet
film star
fingernail
fingerprints
fingertips
fire engine
fireplace
fireworks
flashlight
flower bed
football
freezing point
frying pan
girlfriend
goldfish
golf ball
golf club
graveyard
gravestone
greenhouse
hairbrush
haircut
hairdo
hairdresser
hairstyle
handbag
handshake
handwriting
headache
headlamp
headline
headquarters
hold-all
homework
horse riding
houseboat
housekeeping
housemaid
housewife
housework
ice-berg
ice-cream
ice-cube
lampshade
lamppost
landlady
landlord
landslide
letter-box
letter-head
letter-writing
lipstick
living-room
machine gun
man-eater
mantelpiece
mincemeat
motorbike
motorcycle
motorway
mudguard
nail file
nightdress
nightmare
nightgown
notepaper
newspaper
notice board
office worker
oil well
orange juice
pain-killer
pain brush
paperback
parking meter
payday
penknife
photocopy
pipeline
playboy
policeman
policewoman
pocket book
postcard
post office
power station
railway
rainbow
raindrop
rainfall
record-player
rush-hour
safety belt
salt cellar
saucepan
scrapbook
screwdriver
self-control
sewing machine
shoelace
shopkeeper
shoplifting
shopping bag
shopping list
sideboard
side road
sightseeing
signet ring
sitting room
sleeping bag
snowball
snowflake
space ship
sports car
sports jacket
staff meeting
step ladder
stepfather
stomach ache
stop watch
sunbathing
sunglasses
sunrise
sunset
sunshine
sweetheart
swimming pool
swimsuit
tablecloth
talcum powder
tape measure
tape recorder
teacup
teapot
teaspoon
telephone call
television set
tennis ball
tennis player
toenails
toilet paper
tongue-twister
toolbox
toothache
toothbrush
toothpaste
toothpick
traffic lights
traffic warden
travel agent
turntable
typewriter
waiting room
washbasin
walking stick
wallpaper
washing machine
weightlifter
wet suit
windfall
windowpane
window-shopping
windscreen-wiper
word processor
workbench
workbook
workroom
working hours
wrapping paper
writing paper
yearbook
yes man
zip code
zip fastener
zero hour

www.meripet.org

# Determinatives چەكلىمە سۆزلەر .3


| | | |
|---|---|---|
| **A survey of determinatives** | **50** | **چەكلىمە سۆزلەر توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچە** |
| 1. Meaning and classes of determiners | 50 | 1. چەكلىمە سۆزلەرنىڭ مەنىسى ۋە تۈرى |
| 2. Central determiners | 50 | 2. مەركىزىي چەكلىمە سۆزلەر |
| 3. Predeterminers | 53 | 3. ئالدى چەكلىمە سۆزلەر |
| 4. Postdeterminers | 56 | 4. ئارقا چەكلىمە سۆزلەر |
| **Articles** | **58** | **ئارتىكللار** |
| 5. Form and pronunciation of articles | 58 | 5. ئارتىكلنىڭ شەكلى ۋە تەلەپپۇز قىلىنىشى |
| 6. Use of articles | 59 | 6. ئارتىكلنىڭ ئىشلىتىلىشى |
| 7. Use of indefinite articles | 60 | 7. ئېنىقسىز ئارتىكلنىڭ ئىشلىتىلىشى |
| 8. Use of definite articles | 61 | 8. ئېنىق ئارتىكلنىڭ ئىشلىتىلىشى |
| **Numerals** | **69** | **سانلار** |
| 9. Cardinal and ordinal numerals | 69 | 9. ساناق سان ۋە دەرىجە سانلار |
| 10. Hundred, thousand, million and billion | 71 | 10. يۈز، مىڭ، مىليون ۋە مىليارد |
| 11. Dates | 72 | 11. چېسلالار |
| 12. Fractions | 72 | 12. كەسىر سانلار |
| 13. Mathematical symbols | 73 | 13. ماتېماتىكىلىق بەلگىلەر |
| 14. Currency symbols | 74 | 14. پۇل بەلگىلىرى |
| **Quantifiers** | **74** | **مىقدار سۆزلەر** |
| 15.Quantifiers with count and noncount nouns | 74 | 15. سانىلىدىغان ۋە سانالمايدىغان ئىسىملاردىكى مىقدار سۆزلەر |
| 16.some / any / no | 76 | 16. some / any /no |
| 17. much / many | 78 | 17. much / many |


www.bilgkut.com

# چەكلىمە سۆزلەر توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچە

# A survey of determinatives

## 1. چەكلىمە سۆزلەرنىڭ مەنىسى ۋە تۈرى Meaning and classes of determiners

ئىسىم ياكى ئىسىم سۆز بىرىكمىسى نۇتۇقتا مۇئەييەن مەنىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۆزىنى چەكلەپ ياكى ئېنىقلاپ كېلىدىغان چەكلەش رولىغا ئىگە بولغان بىرلىكلەرگە تايىنىدۇ. بۇنداق چەكلەش رولىغا ئىگە بولغان بىرلىكلەر ئىسىم سۆز بىرىكمىسىدىكى مەركىزىي سۆز (ئىسىم) نىڭ ئالدى-كەينىدە كېلىدىغان بىر قىسىم ياردەمچى سۆزلەر ئارقىلىق ئېنىق تونۇشقا ئىگە بولىدۇ. تۆۋەندىكى مىسالغا قارىساق، [1]- دە، ئېنىقسىز دەلىل، [2]- دە، ئېنىق دەلىل ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

Have you seen { *a bicycle?* (سەن بىر ۋېلىسىپىت كۆردۈڭمۇ؟)
*the bicycle?* (سەن ۋېلىسىپىتنى كۆردۈڭمۇ؟)

**چەكلىمە سۆز - ئىسىم سۆز بىرىكمىسىدىكى ئىسىملارنى سان، ئورۇن، ئېنىقلىق ۋە دائىرە جەھەتتىن چەكلەش ياكى جەزملەشتۈرۈش رولىغا ئىگە بولغان سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ.**

ئېنىقسىز دەلىل ياكى چۈشەنچە ئاساسەن ئېنىقسىز ئارتىكل (a / an) ئارقىلىق، ئېنىق دەللىل ياكى چۈشەنچە ئاساسەن ئېنىق ئارتىكل (the) ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. شۇنداقلا يەنە ئوخشاش فونكسىيىگە ئىگە بولغان باشقا چەكلىمە سۆزلەرمۇ بار.

**چەكلىمە سۆزلەرنىڭ ئۈچ خىل تۈرىنى پەرقلەندۈرۈشكە بولىدۇ، ئۇلار:**

(I) ئالدىدىن چەكلىگۈچى سۆزلەر (Predeterminers)، مەسلەن: half، all، double؛
(II) مەركىزىي چەكلىمە سۆزلەر (Central predeterminers)، مەسلەن: ئارتىكللار the، a / an؛
(III) ئارقىدىن چەكلىگۈچى سۆزلەر (Postdeterminers)، مەسلەن: تۈپ سانلار، دەرىجە سانلار، many، few؛

چەكلىمە سۆزلەرنىڭ بۇ ئۈچ خىل تۈرى ئۇلارنىڭ ئىسىم سۆز بىرىكمىسىدىكى ئورنى ۋە ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن ئايرىلغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ يۇقىرىدىكى تەرتىپىنى ئالماشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. (* بەلگىسى خاتا دېگەن مەنىدە)

* II + I (central determiner + predeterminer <*their all trouble*>)
* III + II + I (postdeterminer + central determiner + predeterminer <*five the all boys*>)
I + II + III (predetrminer + central determiner + postdeterminer ):
*all their trouble* (ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنىڭ ھەممىسى)
*all the five boys* (بەش ئوغۇلنىڭ ھەممىسى)

## 2. مەركىزىي چەكلىمە سۆزلەر Central determiners

ئىنگلىز تىلىدا مەركىزىي چەكلىمە سۆزلەر سان جەھەتتىن بىر قەدەر ئازراق بولۇپ، ئېيتىدىن شەكىللىنىش مۇمكىنچىلىكى يوق دېيەرلىك. كۆپ ئىشلىتىلىدىغانلىرى تۆۋەندىكىچە:

### 1. ئارتىكللار

ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ۋە تىپىك بولغان مەركىزىي چەكلىمە سۆزلەر ئېنىق ئارتىكل the ۋە ئېنىقسىز ئارتىكل a / an بولۇپ، ئوخشاش بولمىغان تۈردىكى ئىسىملار ئوخشاش بولمىغان ئارتىكلنى تەلەپ قىلىدۇ. ئارتىكللارنى تۈردەش ئىسىملارنىڭ سانىلىدىغان ئىسىم ۋە سانالمايدىغان ئىسىمدىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە نىسبەتەن سان (بىرلىك ياكى كۆپلۈك) ۋە ئېنىقلىق (ياكى ئېنىقسىزلىق) جەھەتتىن پەرقلەندۈرۈپ ئىشلىتىشنى تۆۋەندىكىدەك كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

ئارتىكللارنىڭ سانىلىدىغان ۋە سانالمايدىغان ئىسىملار بىلەن ئىشلىتىلىشى:

| | | COUNT (سانىلىدىغان) | NONCOUN (سانالمايدىغان) |
|---|---|---|---|
| SINGULAR (بىرلىك) | definite (ئېنىق) | *the book* | *the furniture* |
| | indefinite (ئېنىقسىز) | *a book* | *furniture* |
| PLURAL (كۆپلۈك) | definite | *the books* | **the milks* |
| | indefinite | *books* | **milks* |

ئارتىكللارنىڭ ئىشلىتىلىشى مۇشۇ بابنىڭ ‹**ئارتىكللارنىڭ ئىشلىتىلىشى**› قىسمىدا سۆزلىنىدۇ.

### 2. باشقا مەركىزىي چەكلىمە سۆزلەر

ئارتىكللاردىن باشقا ئىسىملارنى چەكلەپ كېلەلەيدىغان سۆزلەردىن يەنە كۆرسىتىش ئالماشلاردىن this، that، ئېنىقسىز ئالماشلاردىن every، each، no، some، any، either، neither قاتارلىقلارمۇ بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى مەركىزىي چەكلىمە سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ. بۇلار ياردەمچى سۆزلەر تۈركۈمىگە تەۋە بولۇپ، ئايرىم- ئايرىم ئىشلىتىلىدۇ، ئىسىم سۆز بىرىكمىسىدىكى مەركىزىي ئىسىمنىڭ ئالدىدا ھەر قېتىمدا پەقەت بىرىنىلا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. مەسىلەن: *a the boy*، *a some boy(s)* دېگەندەك ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، مەركىزىي چەكلىمە سۆزلەر ئۆز ئارا تاللىنىش مۇناسىۋىتىدە بولىدۇ، بىر-بىرىنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ، بىراق ئىككىسى ياكى ئۈچى بىرلىكتە ئىشلىتىلمەيدۇ. بۇ جەھەتتىن ئۇلار باغلىنىش مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولغان *all*، *many*، *white* لار (يەنى ئۇلار بىر-بىرىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كەلسە بولۇۋېرىدۇ.) غا ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن:

*all the many white houses* (نۇرغۇن ئاق سارايلارنىڭ ھەممىسى)

ئارتىكللار ئىسىملاردىن ئايرىلىپ كەلسە ھېچقانداق رولى بولمايدۇ. باشقا چەكلىمە سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك چەكلىمە سۆزنىڭ ئالاھىدىلىك ھەم فۇنكسىيىسىگە ئىگە بولۇشتىن باشقا يەنە ئالماشلارنىڭ فۇنكسىيىسىگە ئىگە بولىدۇ:

| **Determiner function** چەكلىملىك فۇنكسىيىسى | **Pronoun function** ئالماشلىق فۇنكسىيىسى |
|---|---|
| A: I want *some ice.* (ماڭا ئازراق مۇز كېرەك.) | B: Here is *some* for you. (بۇ يەردە سىزگە ئازراق بار ئىكەن.) |
| A: What is *that thing* over there? (ئاۋۇ يەردىكى نېمە نەرسە؟) | B: *That* is our computer. (ئۇ بىزنىڭ كومپيۇتېرىمىز.) |
| *Either book* belongs to you. (خالىغان بىر كىتاب سىزگە مەنسۇپ.) | You can have *either.* (قايسىسىنى ئالسىڭىز بولۇۋېرىدۇ.) |

*no* بىلەن *every* خۇددى ئارتىكللارغا ئوخشاش ئىسىملاردىن ئايرىلسا، باشقا ئالماشلاردەك مۇستەقىل رولى بولمايدۇ. ئۇلار *one*(-)، *-body*، ياكى *-thing* لار ئەگىشىپ كەلگەندە بىرىكمە ئالماشلارنى ياسىيالايدۇ:

*no one*　*nobody*　*nothing*　*everyone*　*everybody*　*everything*

### 3. مەركىزىي چەكلىمە سۆزلەر بىلەن ئىسىملار

ئېنىق ئارتىكل the سانىلىدىغان ئىسىملارنىڭ بىرلىك (Singular Count)، كۆپلۈك (plural count) شەكىللىرى ۋە سانالمايدىغان ئىسىملار (noncount) نىڭ ھەممىسى بىلەن كېلىۋېرىدۇ. بىراق ئېنىقسىز ئارتىكللار ئۇنداق قىلالمايدۇ. باشقا چەكلىمە سۆزلەرنىڭ بەزىلىرى ئىسىملارنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرىنى قوللىسا، بەزىلىرى پەقەت بىرلا تۈرىگە ماس كېلىدۇ، بەزىلىرى ئىككى تۈرىنى قوللايدۇ:

*no pen* <singular count>　*no pens* <plural count>　*no music* <noncount>

بىراق this، either ۋە enough لار بۇنداق قىلالمايدۇ:

*this pen*　**this pens*　*this music*　*either pen*　**either pens*

www.meripet.org

# 4. Pronouns ئالماشلار


| | | |
|---|---|---|
| **Characteristics of pronouns** | **81** | **ئالماشلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى** |
| 1. Introduction | 81 | 1. قىسقىچە چۈشەنچە |
| 2. Case | 81 | 2. كېلىش |
| 3. Use of case forms | 82 | 3. كېلىش شەكىللىرىنىڭ قوللىنىلىشى |
| 4. Person | 83 | 4. شەخس |
| 5. Gender | 83 | 5. جىنس |
| 6. Number | 84 | 6. سان |
| **Subclasses of pronouns** | **84** | **ئالماشلارنىڭ ئاساسلىق تۈرلىرى** |
| **Personal pronouns** | **85** | **كىشىلىك ئالماشلار** |
| 7. Use of 'it' | 86 | 7. it نىڭ ئىشلىتىلىشى |
| 8. Use of 'we' | 86 | 8. we نىڭ ئىشلىتىلىشى |
| 9. Modification of personal pronouns | 87 | 9. كىشىلىك ئالماشلارنىڭ ئېنىقلىنىشى |
| **Reflexive pronouns** | **88** | **ئۆزلۈك ئالماشلار** |
| 10. Use of reflexive pronouns | 88 | 10. ئۆزلۈك ئالماشنىڭ ئىشلىتىلىشى |
| **Possessive pronouns** | **89** | **ئىگىلىك ئالماشلار** |
| 11. Determinative & independent possessive | 89 | 11. چەكلىمە ۋە مۇستەقىل ئىگىلىك ئالماشلار |
| 12. own | 90 | 12. own |
| **Reciprocal pronouns** | **90** | **ئورتاق ئالماشلار** |
| **Relative pronouns** | **91** | **مۇناسىۋەت ئالماشلار** |
| 13. Restrictive and nonrestrictive relative pronouns | 91 | 13. چەكلىملىك ۋە چەكلىمىسىز مۇناسىۋەت ئالماشلار |
| 14. Wh-pronouns and that | 92 | 14. wh- لىق ئالماشلار ۋە that |
| **Interrogative pronouns** | **93** | **سوراق ئالماشلار** |
| 15. Definite and indefinite interrogatives | 93 | 15. ئېنىق ۋە ئېنىقسىز ئالماشلار |
| 16. who / whom / whose | 94 | 16. who / whom / whose |
| 17. which / what | 95 | 17. which / what |
| **Demonstratives (this/that)** | **96** | **كۆرسىتىش ئالماشلار (this / that)** |
| **Indefinite pronouns** | **101** | **ئېنىقسىز ئالماشلار** |
| 18. Compound pronouns | 102 | 18. بىرىكمە ئالماشلار |
| 19. Of-pronouns | 103 | 19. of شەكلىدىكى ئالماشلار |


www.bilgkut.com

www.meripet.org

# 5. Verbs پېئىللار


| | | |
|---|---|---|
| **Major verb classes** | **115** | **ئاساسلىق پېئىل تۈرلىرى** |
| **Full verbs** | **115** | **مۇستەقىل پېئىللار** |
| 1. Verb forms | 115 | 1. پېئىل شەكىللىرى |
| 2. Finite and nonfinite forms of verbs | 116 | 2. پېئىللارنىڭ چەكلىملىك ۋە چەكلىمسىز شەكىللىرى |
| 1) Infinitives | 116 | 1) پېئىلنىڭ تۇراقسىز شەكلى |
| 2) Gerund | 117 | 2) ھەرىكەتنام |
| 3) Participial adjective | 117 | 3) سۈپەتداش |
| **The morphology of regular full verbs** | **119** | **قائىدىلىك مۇستەقىل پېئىللارنىڭ مورفولوگىيىسى** |
| 3. The – *ing* participle and the –*s* form | 119 | 3. -ing تارماق شەكلى ۋە -s شەكلى |
| 4. Past form and –*ed* participle | 120 | 4. ئۆتكەن زامان ۋە -ed تارماق شەكلى |
| 5. Spelling | 120 | 5. يېزىلىشى |
| 6. Doubling of consonants before –*ing* and –*ed* | 121 | 6. -ing ۋە -ed نىڭ ئالدىدا ئۈززۈك تاۋۇش ھەرپىنىڭ قوش يېزىلىشى |
| 7. Deletion and addition of -*e* | 122 | 7. -e نىڭ تاشلىنىشى ياكى قوشۇلۇشى |
| **The morphology of irregular full verbs** | **122** | **قائىدىسىز مۇستەقىل پېئىللارنىڭ مورفولوگىيىسى** |
| 8. Irregular verb classes | 123 | 8. قائىدىسىز پېئىل تۈرلىرى |
| 9. Irregular verbs listed in class order | 124 | 9. تۈر تەرتىپىدە تىزىلغان قائىدىسىز پېئىللار |
| 10. Irregular verbs in alphabetical order | 128 | 10. ئېلىپبە تەرتىپىدىكى قائىدىسىز پېئىللار |
| **Verbs in auxiliary function** | **132** | **ياردەمچى رولىدىكى پېئىللار** |
| 11. Criteria for auxiliary verbs | 133 | 11. ياردەمچى پېئىللارغا قويۇلىدىغان ئۆلچەملەر |
| **The primary verbs** | **137** | **تۈپ پېئىللار** |
| 12. be (am, is, are, was, were, been, being) | 137 | 12. be (am~is~are~was~were~been~being) |
| 13. have (has, had) | 138 | 13. have (has~had) |
| 14. do (does, did, done) | 140 | 14. do (does~did~done) |
| **Modal auxiliaries** | **141** | **تۈس پېئىللار** |
| 15. can/could/may/might/will/shall/must | 141 | 15. can/could/may/might/will/shall/must |
| **Verbs of intermediate function** | **143** | **ئوتتۇرا فۇنكسىيىدىكى پېئىللار** |
| 16. need / dare /ought to / used to … | 143 | 16. need / dare /ought to / used to … |
| 17. Modal idioms *had better/would rather* | 145 | 17. تۈس ئىدىيوملار had better/would rather |
| 18. Semi-auxiliaries (*be going to*…) | 146 | 18. يېرىم ياردەمچى پېئىللار (be going to…) |
| 19. Catenative verbs | 147 | 19. باغلىغۇچى پېئىللار |


www.bilgkut.com

| | | |
|---|---|---|
| **The structure of verb phrase** | **148** | **پېئىل سۆز بىرىكمىسىنىڭ قۇرۇلمىسى** |
| 20. Finite verb phrase | 148 | 20. چەكلىملىك پېئىل سۆز بىرىكمىسى |
| 21. Nonfinite verb phrase | 149 | 21. چەكلىمسىز پېئىل سۆز بىرىكمىسى |
| 22. Simple and complex verb phrase | 149 | 22. ئاددىي ۋە مۇرەككەپ پېئىل سۆز بىرىكمىسى |
| **Active and passive voice** | **151** | **ئەسلى ۋە مەجھۇل دەرىجە** |
| 23. The active-passive correspondence | 152 | 23. ئەسلى دەرىجە بىلەن مەجھۇل دەرىجە ماسلىقى |
| **Formation of verb phrase** | **152** | **پېئىللارنىڭ ياسىلىشى** |
| 24. Difference between nouns and verbs | 153 | 24. ئىسىملار بىلەن پېئىللار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق |
| 25. Verbs express small and repeated actions | 153 | 25. كىچىك ۋە تەكرار ھەرىكەتلەرنى كۆرسىتىدىغان پېئىللار |
| 26. Verbs in -*en* | 153 | 26. -en بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىللار |
| 27. Verbs in –ify, -ize (-ise), and -ate | 154 | 27. -ify، -ize (-ise) ۋە -ate بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىللار |
| 28. Prefixes | 155 | 28. ئالدى قوشۇمچىلار |

She **calls** him every day. (ئۇ ھەركۈنى ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىدۇ.)
She ***is*** *calling* him now. (ئۇ ھازىر ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىۋاتىدۇ.)
She ***has*** *called* twice today. (ئۇ بۈگۈن ئۇنىڭغا ئىككى قېتىم تېلېفون قىلدى.)

چەكلىمسىز پېئىل سۆز بىرىكمىسىدە ھەممە پېئىللار چەكلىمسىز پېئىل بولىدۇ:

*Calling* early, she found him at home. (بالدۇرتېلېفون قىلغاچقا، ئۇ ئۇنى ئۆيىدىن تاپتى.)
*Called* early, he ate a quick breakfast. (بالدۇر چاقىرىلغاچقا، ئۇ ئالدىراش ناشتا قىلدى.)
*Having been called* early, he felt sleepy all day. (بالدۇر چاقىرىلغاچقا، ئۇ پۈتۈن كۈن خامۇش يۈردى.)

## 2. پېئىللارنىڭ چەكلىملىك ۋە چەكلىمسىز شەكىللىرى Finite and nonfinite forms of verbs

پېئىللار جۈملىدە ئاساسەن خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا پېئىللار يەنە ئىگە، تولدۇرغۇچى، تولۇقلىغۇچى ۋە ھالەت قاتارلىق بۆلەكلەردىمۇ كېلەلەيدۇ. مۇشۇ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن پېئىللار چەكلىملىك ۋە چەكلىمسىز پېئىل شەكىللىرىگە ئىگە بولىدۇ.

چەكلىملىك پېئىل شەكلى پېئىللارنىڭ پەقەت جۈملىنىڭ خەۋەر بۆلىكىدىلا كۆرۈلىدىغان، جۈملىدە زامان چەكلىمىسىگە شۇنداقلا ئىگىنىڭ شەخس ۋە سان جەھەتتىكى چەكلىمىسىگە ئۇچرايدىغان شەكلى.

I *am* reading an interesting book. (مەن قىزىقارلىق بىر كىتابنى ئوقۇۋاتىمەن.) <*am*>
She *stays* at home everyday. (ئۇ ھەركۈنى ئۆيدە ئولتۇرىدۇ.) <*stays*>

پېئىللارنىڭ چەكلىمسىز شەكلى جۈملىنىڭ خەۋەر بۆلىكىدە چەكلىملىك پېئىللارنىڭ كەينىدىن كېلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە باشقا جۈملە بۆلەكلىرىدىمۇ كېلەلەيدىغان شەكلى.

I am *reading* an interesting book. (مەن قىزىقارلىق بىر كىتابنى ئوقۇۋاتىمەن.) <*reading*>
He likes *reading*. (ئۇ كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدۇ.) <*reading*>

پېئىللارنىڭ چەكلىمسىز شەكىللىرى ئاساسەن پېئىللارنىڭ خەۋەردىن باشقا بۆلەكلەردە كېلەلەيدىغان شەكىللىرىنى كۆرسىتىدىغان بولغاچقا جۈملىدىكى رولىغا ئاساسەن ئۇلارنى پېئىللارنىڭ تۇراقسىز شەكلى، ھەرىكەتنام (ياكى ئىسىمداش) ۋە سۈپەتداشتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

### 1). پېئىلنىڭ تۇراقسىز شەكلى (infinitive)

پېئىللارنىڭ تۇراقسىز شەكلى پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلىنىڭ ئالدىغا to نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ.

work ~ *to work* e.g. We want him to work harder. (بىز ئۇنىڭ تىرىشچانراق ئىشلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.)

بەزى پېئىللارغا to قوشۇلمىسىمۇ تۇراقسىز شەكلى ياسىلىدۇ، بىراق بۇنداق ئەھۋال پەقەت بۇ پېئىللارنىڭ ئالدىدا باشقا ياردەمچى پېئىللار كەلگەندە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

We *may* ***finish*** today. (بىز بۈگۈن تۈگىتىپ بولۇشىمىز مۇمكىن.)
She *had* them ***read*** the letter. (ئۇ ئۇلارغا خەتنى ئوقۇتتى.)

پېئىللارنىڭ تۇراقسىز شەكلىنىڭ بولۇشسىز شەكلى to نىڭ ئالدىغا not قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

I hope you *not to come* here. (مەن سىزنىڭ بۇيەرگە كەلمەسلىكىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.)

پېئىللارنىڭ تۇراقسىز شەكلىنىڭ ھەرقايسى زامان شەكىللىرى ۋە مەجھۇل دەرىجە قۇرۇلمىسى مۇشۇ بابنىڭ ئاخىرىدا بېرىلدى.

پېئىللارنىڭ تۇراقسىز شەكلىنىڭ جۈملىدىكى رولى

1). جۈملىدە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

*To study* hard is a way of success. (تىرىشىپ ئۆگىنىش غەلىبە قىلىشنىڭ بىر يولى.)
*To be* here with you is my great pleasure. (سەن بىلەن بۇ يەردە بولۇش مەن ئۈچۈن چوڭ خۇشاللىق.)

پېئىللارنىڭ تۈراقسىز شەكلى جۈملىدە ئىگە بولغاندا ئۇلارنى جۈملىنىڭ كەينىگە سۈرۈۋېتىشكە بولىدۇ، بۇنداق ۋاقىتتا دائىم it جۈملىنىڭ بېشىدا شەكلەن ئىگە سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ:

*It* is my great pleasure *to be here with you.*

2) جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولىدۇ. مەسىلەن:

I like *to teach* Physics. (مەن فىزىكا دەرسى ئۆتۈشنى خالايمەن.)

We want *to have* lunch with you. (بىز سىلەر بىلەن چۈشلۈك تاماق يېيىشنى خالايمىز.)

3) تولدۇرغۇچى تولۇقلىغۇچىسى بولىدۇ. مەسىلەن:

We hope *you to buy* a new car. (بىز سىزنىڭ يېڭى ماشىنا سېتىۋېلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز.)

4) كېسىم خەۋەر تەركىبىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

My aim *is to study abroad.* (مېنىڭ مەقسىدىم چەتئەلدە ئوقۇش.)

5) ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

John, it is time *to sleep*. (جون، ئۇخلايدىغان چاغ بولدى.)

6) جۈملىدە مەقسەت ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

My family came here *to take part in my wedding.*

7) جۈملىدە بىرىكمە خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا دائىم to چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

You have never seen my daughter walk. (سەن مېنىڭ قىزىمنىڭ ماڭغىنىنى كۆرۈپ باقمىدىڭ.)

## 2). ھەرىكەتنام (Gerund)

ھەرىكەتنام پېئىللارنىڭ ئىزچىل شەكلىنىڭ ئىسىملىق رولىنى ئۆتەش ئالاھىدىلىكىگە قارىتا ئېيتىلغان. يەنى پېئىللارنىڭ ئىزچىل شەكلى جۈملىلەردە ئىش- ھەرىكەتنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ھەرىكەتنى شەيئى سۈپىتىدە ئىپادىلەپ ئىسىملىق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ. (بەزى كىتابلاردا ئىسمداش دەپمۇ ئاتىلىدۇ.)

شەكىل جەھەتتىن، ھەرىكەتنام پېئىللارنىڭ ئەسلى شەكلىگە ing- نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ.

Watch + ing = watching    look + ing = looking

I like *watching television.* (مەن تېلېۋىزور كۆرۈشنى ياخشى كۆرىمەن.)

### ھەرىكەتنامنىڭ جۈملىدىكى رولى

1) جۈملىدە ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن:

*Studying hard* is a way of success. (تىرىشىپ ئۆگىنىش غەلىبە قىلىشنىڭ بىر يولى.)

2) جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولىدۇ. مەسىلەن:

I like *teaching* Physics. (مەن فىزىكا دەرسى ئۆتۈشنى خالايمەن.)

My friend Alim succeeded *in teaching* English. (دوستۇم ئالىم ئىنگلىزتىلى ئوقۇتۇشتا نەتىجىگە ئېرىشتى.)

3) كېسىم خەۋەر تەركىبىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

My aim *is studying* abroad. (مېنىڭ مەقسىدىم چەتئەلدە ئوقۇش.)

4) تولدۇرغۇچى تولۇقلىغۇچىسى بولىدۇ. مەسىلەن:

I heard somebody *knocking* at the door. (مەن بىرسىنىڭ ئىشىك چېكىۋاتقىنىنى ئاڭلىدىم.)

## 3). سۈپەتداش (Participial adjective)

سۈپەتداش پېئىللارنىڭ ئىزچىل شەكلى ۋە ئۆتكەن زامان تارماق شەكىللىرىنىڭ سۈپەت رولىنى ئۆتەش ئالاھىدىلىكىگە قارىتا ئېيتىلغان. پېئىللارنىڭ بۇ ئىككى خىل شەكلى ئۆز نۆۋىتىدە باشقا سۆز ئىبارىلەرنىڭ مەلۇم بەلگىسى ۋە سۈپىتىنى

www.meripet.org


ئوتتۇرىغا قويالايدىغان سۈپەتلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ.

**سۈپەتداشنىڭ جۈملىدىكى رولى**

1). جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

The man *watching* television is a doctor. (تېلېۋىزور كۆرىۋاتقان ئەر بىر دوختۇر.)

My wife is a *educated* woman. (ئايالىم تەربىيە كۆرگەن ئايال.)

2). كېسىم خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

The movie is very *exhausting*. (بۇ كىنو بەك زېرىكىشلىككەن.)

The window is *broken*. (دېرىزە چېقىۋېتىلدى.)

3). تولدۇرغۇچى تولۇقلىغۇچىسى بولىدۇ. مەسىلەن:

Can you see the airplane *flying*. (ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇۋاتقىنىنى كۆرەلەمسىز؟)

I saw the play *performed* by them. (مەن بۇ ئويۇننىڭ ئۇلار تەرىپىدىن ئوينالغانلىقىنى كۆرگەن.)

4) ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

Not *having received* a reply, I sent a short message by my cell phone again.

(جاۋابقا ئېرىشەلمىگەچكە، مەن قول تېلېفونىم بىلەن قىسقا ئۇچۇردىن يەنە بىرنى ئەۋەتتىم.)

Loaded by his family, he often splurges.

(ئاتا- ئانىسى تەرىپىدىن كۆپ پۇل بېرىلىدىغان بولغاچقا، ئۇ دائىم بەدخەجلىك قىلىدۇ.)

چەكلىملىك ۋە چەكلىمسىز پېئىل سۆز بىرىكمىلىرى كېيىنكى مەزمۇنلاردا تەپسىلى سۆزلىنىدۇ. بۇ يەردە پېئىل سۆز بىرىكمىسىنى تەشكىل قىلىدىغان ھەرخىل پېئىل شەكىللىرىنىڭ سىنتاكسىلىق ئورۇنلىشىشى چۈشەندۇرۇلىدۇ:

(1) پېئىللارنى ئەسلى شەكلى (call، speak، cut قاتارلىقلار) تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردا چەكلىملىك ۋە چەكلىمسىز شەكىللەردە كۆرۈلىدۇ:

(i) ھازىرقى زامان ئادەتتىكى شەكلىدە ئۈچىنچى شەخس بىرلىكتىن باشقا بارلىق شەخس ۋە سانلار بىلەن پېئىللارنىڭ ئەسلى شەكلى چەكلىملىك شەكلىدە كۆرۈلىدۇ:

I / you / we / they ***call*** regularly.

(ii) بۇيرۇق جۈملىلەردە پېئىللارنىڭ ئەسلى شەكلى چەكلىملىك شەكلىدە كۆرۈلىدۇ:

***Call*** at once!

(iii) ھازىرقى زاماندا كەلگەن توقۇلما رايدا ئەسلى شەكلى چەكلىملىك شەكلىدە كۆرۈلىدۇ:

They demanded that she ***call*** and ***see*** them.

(ئۇلار ئۇنىڭدىن كېلىپ ئۆزلىرىنى يوقلاشنى تەلەپ قىلدى.)

(iv) باشقا پېئىللار چەكلىملىك پېئىل بولغاندا پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلى چەكلىمسىز شەكلىدە كۆرۈلىدۇ:

He *may* ***call*** tonight. (ئۇ بۈگۈن كەچ تېلېفون قىلىشى مۇمكىن.)

(v) to بىلەن كېلىدىغان پېئىل شەكىللىرىدە ئەسلى شەكلى چەكلىمسىز شەكلىدە كۆرۈلىدۇ:

We want her to ***call.*** (بىز ئۇنىڭ زىيارەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.)

(2) پېئىللارنىڭ S- شەكلى (calls، speaks، cuts قاتارلىقلار) ھازىرقى زامان ئادەتتىكى شەكلىدىكى جۈملە قۇرۇلمىسىدا ئۈچىنچى شەخس بىرلىك بىلەن كېلىپ، چەكلىملىك شەكلىدە كۆرۈلىدۇ:

He / she *calls* him every day. He / she speaks English. (ئۇ ئىنگلىزچە سۆزلەيدۇ.)

(3) پېئىللارنىڭ ING- تارماق شەكلى (calling، speaking، cutting قاتارلىقلار) تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللاردا چەكلىمسىز شەكلىدە كۆرۈلىدۇ:

(i) تۇپ پېئىل be بىلەن كېلىدىغان ئىزچىل شەكلىدىكى قۇرۇلمىلاردا:

She *is* ***calling*** him now. (ئۇ ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىۋاتىدۇ.) He *was* ***calling*** her. (ئۇ ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىۋاتاتتى.)


www.bilgkut.com

(ii) ING- لىق تارماق جۈملىلەر (بېقىندى جۈملىلەر) دە:

***Calling*** early, I found her at home. (بالدۇر تېلېفون قىلغاچقا، مەن ئۇنى ئۆيدىن تاپتىم.)

(4) پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى (called، spoke، cut قاتارلىقلار) ئۆتكەن زامان ئادەتتىكى شەكىلدىكى جۈملە قۇرۇلمىسىدا چەكلىمىلىك شەكىلدە كۆرۈلىدۇ:

Someone ***called*** yesterday. (تۈنۈگۈن بىرسى تېلېفون قىپتىكەن.)

(5) پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى (ED- تارماق شەكلى) (called، spoken، cut قاتارلىقلار) تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللاردا چەكلىمىسىز شەكىلدە كۆرۈلىدۇ:

(i) پۈتكەن شەكىللەردە have نىڭ ماس شەكلىگە ئەگىشىپ كېلىدۇ:

He *has* ***called*** twice today. (ئۇ بۈگۈن ئىككى قېتىم تېلېفون قىلدى.)

(ii) مەجھۇل جۈملىلەردە پېئىل be نىڭ ماس شەكىللىرىگە ئەگىشىپ كېلىدۇ:

Her brother *is* ***called*** John. (ئۇنىڭ ئاكىسى جون دەپ چاقىرىلىدۇ.)

(iii) ED- لىق تارماق جۈملىلەردە كېلىدۇ:

***Called*** early, he ate a quick breakfast. (بالدۇر چاقىرىلغاچقا، ئۇ ئالدىراش ناشتا قىلدى.)

# قائىدىلىك مۇستەقىل پېئىللارنىڭ مورفولوگىيىسى
# The morphology of regular full verbs

مورفولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرىدىن قارىغاندا، مۇستەقىل پېئىللارنى قائىدىلىك ۋە قائىدىسىز پېئىلدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپتىن ئويلىششقا بولىدۇ. ھەر ئىككى تۈردە، S- شەكلى بىلەن ING- تارماق شەكلىنى ئومۇمەن ئەسلى شەكلىدىن پايدىلىنىپ ياساشقا بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، قائىدىلىك پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى ۋە ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى (ED- شەكلى) نىمۇ ئەسلى شەكلىدىن پايدىلىنىپ ياساشقا بولىدۇ. بىراق قائىدىسىز پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى ۋە ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى (ED- شەكلى) نى ئەسلى شەكلىدىن پەرەز قىلىۋېلىش ياكى ياسىۋېلىش ئىمكانىيىتى بولمايدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، قائىدىلىك پېئىللارنىڭ پەقەت ئوخشىمايدىغان تۆت خىللا سۆز شەكلى بولىدۇ:

| | | |
|---|---|---|
| **BASE** | *call* | **ئەسلى شەكلى:** |
| ***-ing* PARTICIPLE** | *calling* | ***ing*-شەكلى (ئىسىمداش شەكلى):** |
| ***-s* FORM** | *calls* | ***s*-شەكلى:** |
| **PAST FORM or *–ed* PARTICIPLE** | *called* | **ئۆتكەن زامان ياكى ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى:** |

بۇنداق پېئىللار، يەنى ئەسلى شەكلىگە ed- قوشۇش ئارقىلىقلا ئۆتكەن زامان ۋە ئۆتكەن زامان تارماق شەكلىنى ياساشقا بولىدىغان پېئىللار، قائىدىلىك پېئىللار بولىدۇ. قائىدىلىك پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى ۋە ED- تارماق شەكلى پەرقلەندۈرگىسىز بولغاچقا ئۇلارنى قىسقارتىپ ED- شەكلى دەپلا ئاتاشقا بولىدۇ. لۇغەتلەردىن ئىزلەپ تېپىشقا بولىدىغان ئەسلى شەكلى (ئەگەر قائىدىسىز پېئىل بولمىسىلا لۇغەتلەردە ئاساسەن پېئىللارنىڭ ئەسلى شەكلىلا بېرىلىدۇ) نىلا بىلسەك، باشقا شەكىللىرىنى يۇقىرىدىكىدەك قائىدە بويىچە پەرەز قىلىۋېلىشقا ياكى ياسىۋېلىشقا بولىدۇ.

ئىنگلىز تىلىدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم پېئىللار قائىدىلىك پېئىللار بولغاچقا، قائىدىلىك پېئىللارنىڭ يۇقىرىدىكى تۆت خىل شەكلى بولىدىغانلىقىنى بىلىش ۋە بۇ خىل شەكىللەرنى بارلىق قائىدىلىك پېئىللارغا تەتبىقلاش قائىدىسى بۇ تىلنى توغرا، تېز ئىگەللەش ۋە ئىشلىتىشتە ھالقىلىق رول ئوينايدۇ. شۇنداقلا يەنە يېڭىدىن ياسىلىۋاتقان ياكى باشقا تىللاردىن ئىنگلىز تىلىغا كىرىۋاتقان پېئىللارمۇ دەل مۇشۇنداق قانۇنىيەت بويىچە پېئىل شەكىللىرىگە ئىگە بولۇۋاتىدۇ. مەسىلەن:

xerox ~ xeroxing ~ xeroxes ~ xeroxed

## 3. ING- تارماق شەكلى ۋە S- شەكلى The *–ING* participle and the *–S form*

(1) قائىدىلىك ۋە قائىدىسىز پېئىللارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنىڭ ing– شەكلى (ئىسىمداش شەكلى دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ) ئەسلى شەكلىنىڭ كەينىگە ing- نىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ، /iŋ/ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ:

| | | | |
|---|---|---|---|
| *walk ~ walking* | *agree ~ agreeing* | *push ~ pushing* | *study ~ studying* |
| *sing ~ singing* | *pass ~ passing* | *weep ~ weeping* | *take ~ taking* |

(ii) ING- لىق تارماق جۈملىلەر (بېقىندى جۈملىلەر) دە:
***Calling*** early, I found her at home. (بالدۇر تېلېفون قىلغاچقا، مەن ئۇنى ئۆيدىن تاپتىم.)

(4) پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى (called، spoke، cut قاتارلىقلار) ئۆتكەن زامان ئادەتتىكى شەكىلدىكى جۈملە قۇرۇلمىسىدا چەكلىمىسىز شەكىلدە كۆرۈلىدۇ:

Someone ***called*** yesterday. (تۈنۈگۈن بىرسى تېلېفون قىپتىكەن.)

(5) پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى (ED- تارماق شەكلى) (called، spoken، cut قاتارلىقلار) تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللاردا چەكلىمىسىز شەكىلدە كۆرۈلىدۇ:

(i) يۈتكەن شەكىللەردە have نىڭ ماس شەكلىگە ئەگىشىپ كېلىدۇ:
He *has* ***called*** twice today. (ئۇ بۈگۈن ئىككى قېتىم تېلېفون قىلدى.)
(ii) مەجھۇل جۈملىلەردە پېئىل be نىڭ ماس شەكىللىرىگە ئەگىشىپ كېلىدۇ:
Her brother *is* ***called*** John. (ئۇنىڭ ئاكىسى جون دەپ چاقىرىلىدۇ.)
(iii) ED- لىق تارماق جۈملىلەردە كېلىدۇ:
***Called*** early, he ate a quick breakfast. (بالدۇر چاقىرىلغاچقا، ئۇ ئالدىراش ناشتا قىلدى.)

## قائىدىلىك مۇستەقىل پېئىللارنىڭ مورفولوگىيىسى
## The morphology of regular full verbs

مورفولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرىدىن قارىغاندا، مۇستەقىل پېئىللارنى قائىدىلىك ۋە قائىدىسىز پېئىلدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپتىن ئويلىششقا بولىدۇ. ھەر ئىككى تۈردە، S- شەكلى بىلەن ING- تارماق شەكلىنى ئومۇمەن ئەسلى شەكلىدىن پايدىلىنىپ ياساشقا بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، قائىدىلىك پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى ۋە ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى (ED- شەكلى) نىمۇ ئەسلى شەكلىدىن پايدىلىنىپ ياساشقا بولىدۇ. بىراق قائىدىسىز پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى ۋە ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى (ED- شەكلى) نى ئەسلى شەكلىدىن پەرەز قىلىۋېلىش ياكى ياسىۋېلىش ئىمكانىيىتى بولمايدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، قائىدىلىك پېئىللارنىڭ پەقەت ئوخشىمايدىغان تۆت خىللا سۆز شەكلى بولىدۇ:

| | | |
|---|---|---|
| BASE | *call* | ئەسلى شەكلى: |
| *-ing* PARTICIPLE | *calling* | *ing*-شەكلى (ئىزچىل شەكلى): |
| *-s* FORM | *calls* | *s*-شەكلى: |
| PAST FORM or *–ed* PARTICIPLE | *called* | ئۆتكەن زامان ياكى ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى: |

بۇنداق پېئىللار، يەنى ئەسلى شەكلىگە ed- قوشۇش ئارقىلىقلا ئۆتكەن زامان ۋە ئۆتكەن زامان تارماق شەكلىنى ياساشقا بولىدىغان پېئىللار، قائىدىلىك پېئىللار بولىدۇ. قائىدىلىك پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى ۋە ED- تارماق شەكلى پەرقلەندۈرگىسىز بولغاچقا ئۇلارنى قىسقارتىپ ED- شەكلى دەپلا ئاتاشقا بولىدۇ. لۇغەتلەردىن ئىزلەپ تېپىشقا بولىدىغان ئەسلى شەكلى (ئەگەر قائىدىسىز پېئىل بولمىسىلا لۇغەتلەردە ئاساسەن پېئىللارنىڭ ئەسلى شەكلىلا بېرىلىدۇ) نىلا بىلسەك، باشقا شەكىللىرىنى يۇقىرىدىكىدەك قائىدە بويىچە پەرەز قىلىۋېلىشقا ياكى ياسىۋېلىشقا بولىدۇ.
ئىنگلىز تىلىدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم پېئىللار قائىدىلىك پېئىللار بولغاچقا، قائىدىلىك پېئىللارنىڭ يۇقىرىدىكى تۆت خىل شەكلى بولىدىغانلىقىنى بىلىش ۋە بۇ خىل شەكىللەرنى بارلىق قائىدىلىك پېئىللارغا تەتبىقلاش قائىدىسى بۇ تىلنى توغرا، تېز ئىگەللەش ۋە ئىشلىتىشتە ھالقىلىق رول ئوينايدۇ. شۇنداقلا يەنە يېڭىدىن ياسىلىۋاتقان ياكى باشقا تىللاردىن ئىنگلىز تىلىغا كىرىۋاتقان پېئىللارمۇ دەل مۇشۇنداق قانۇنىيەت بويىچە پېئىل شەكىللىرىگە ئىگە بولۇۋاتىدۇ. مەسىلەن:

xerox ~ xeroxing ~ xeroxes ~ xeroxed

### 3. ING- تارماق شەكلى ۋە S- شەكلى The –*ING* participle and the –*S form*

(1) قائىدىلىك ۋە قائىدىسىز پېئىللارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنىڭ ing– شەكلى (ئىزچىل شەكلى دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ) ئەسلى شەكلىنىڭ كەينىگە ing- نىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ، /iŋ/ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ:

| | | | |
|---|---|---|---|
| *walk ~ walking* | *agree ~ agreeing* | *push ~ pushing* | *study ~ studying* |
| *sing ~ singing* | *pass ~ passing* | *weep ~ weeping* | *take ~ taking* |

(2) پېئىللارنىڭ S- شەكلىمۇ ئەسلى شەكلىگە S- نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. ھەممە ئۈنىڭ ئۈچ خىل تەلەپپۇزى بولىدۇ، ئۇلار /iz/، /z/ ۋە /s/ دىن ئىبارەت. بۇ ئۈچ خىل تەلەپپۇز تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللاردا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ:

(a) جاراڭلىق ياكى جاراڭسىز چىش سۈركەلمە تاۋۇشلىرى بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىللارنىڭ ئەسلى شەكلىگە قوشۇلغان (e)s– دىن /iz/ تەلەپپۇزى چىقىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا سۆز ئاخىرى دائىم –es بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. مەسىلەن:

| BASE -*S* FORM | BASE -*S* FORM | BASE -*S* FORM |
|---|---|---|
| /-s/ *pass* ~ *passes* /-siz/ | /-tʃ/ *catch* ~ *catches* /-tʃiz/ | /-ʃ/ *push* ~ *pushes* /-ʃiz/ |
| /-z/ *buzz* ~ *buzzes* /-ziz/ | /-dʒ/ *budge* ~ *budges* /-dʒiz/ | /-ʒ/ *camouflage~camouflages*/-ʒiz/ |

(b) چىش سۈركەلمە تاۋۇشلىردىن باشقا جاراڭلىق تاۋۇشلار بىلەن ئاخىرلاشقان ئەسلى شەكىلنىڭ كەينىگە قوشۇلغان (e)s– دىن /z/ تەلەپپۇزى چىقىدۇ. مەسىلەن:

| BASE -*S* FORM | BASE -*S* FORM |
|---|---|
| /-l/ *call* ~ *calls* /-iz/ | /-b/ *rob* ~ *robs* /-bz/ |
| /-i:/ *flee* ~ *flees* /-i:z/ | /-ai/ *try* ~ *tries* /-aiz/ |

(c) چىش سۈركەلمە تاۋۇشلىردىن باشقا جاراڭسىز تاۋۇشلار بىلەن ئاخىرلاشقان ئەسلى شەكىلنىڭ كەينىگە قوشۇلغان (e)s– دىن /s/ تەلەپپۇزى چىقىدۇ. مەسىلەن:

| BASE -*S* FORM | BASE -*S* FORM |
|---|---|
| /-t/ *cut* ~ *cuts* /-ts/ | /-k/ *lock* ~ *locks* /-ks/ |
| /-p/ *hop* ~ *hops* /-ps/ | /-f/ *cough* ~ *coughs* /-fs/ |

يېزىلىش جەھەتتىكى s- نىڭ بەزىدە es- بولۇشى (مەسىلەن، go ~ goes)، y- نىڭ -i- غا ئۆزگىرىشى (مەسىلەن، try~tries) قاتارلىقلار سانىلىدىغان ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك شەكلىنى ياساش جەريانىدىكى ئۆزگىرىشلەر بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

## 4. ئۆتكەن زامان ۋە ED- تارماق شەكلى Past form and –*ED* participle

پېئىللارنىڭ S- شەكلىگە ئوخشاش قائىدىلىك پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامان ۋە ED- تارماق شەكىللىرىنىڭمۇ ئۈچ خىل تەلەپپۇزى بار:

(a) ئەسلى شەكلى /d/ ۋە /t/ بىلەن ئاخىرلاشقانلىرىغا ED- قوشۇلغاندا /id/ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، مەسىلەن:

*pad* ~ *padded* /-did/ *pat* ~ *patted* /tid/ *need* ~ *needed* /did/
*delight* ~ *delighted* /tid/ *want* ~ *wanted* /tid/

(b) ئەسلى شەكلى /d/ بىلەن ئاخىرلاشقانلىرىدىن باشقا جاراڭلىق تاۋۇشلار ۋە سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئاخىرلاشقانلىرىغا ED- قوشۇلغاندا /d/ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، مەسىلەن:

*buzz* ~ *buzzes* /-zd/ *call* ~ *called* /-ld/ *budge* ~ *budged* /-dʒd/ *tow* ~ *towed* /-əu/
*rubbed* /bd/ *longed* /gd/ *lived* /vd/ *raised* /zd/ *garaged* /ʒd/
*filled* /ld/ *judge* /dʒ/ *berthed* /θd/ *explained* /nd/ *bathed* /ðd/
*combed* /md/ *stayed* /eid/ *reviewed* /jud/ *murdered* /ə:d/

(c) ئەسلى شەكلى /t/ دىن باشقا جاراڭسىز تاۋۇشلار بىلەن ئاخىرلاشقانلىرىغا ED- قوشۇلغاندا /t/ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ:

*pass* ~ *passed* /-st/ *pack* ~ *packed* /-kt/ *help* ~ *helped* /pt/
*picked* /kt/ *laughed* /ft/ *kissed* /st/ *washed* /ʃt/ *scratched* /tʃt/

## 5. يېزىلىشى Spelling

يۇقىرىدىكى 3-، 5- مەزمۇنلاردا ئوتتۇرىغا قويۇلغىنى تەلەپپۇز قىلىشتا مۇناسىۋەتلىك قائىدىلەر بولۇپ، ئەمدى بۇ يەردە قائىدىلىك پېئىللارنىڭ يېزىلىشى جەھەتتىكى ئۆز گىرىشلەرگە مۇناسىۋەتلىك بىرقىسىم قائىدىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

ئالدىنقى مەزمۇنلاردا بۇ ئۆزگىرىشلەرنى خاتىرلەشنىڭ ئاددەتتىكى ئۇسۇللىرى ئىشلىتىلگەن ئىدى. ئۇلار:

-S: *look* ~ *looks* -ING: *look* ~ *looking* -ED: *look* ~ *looked*

بۇ قائىدىلەر تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللارنىڭ بىرەسى بولمىغان ئەھۋالدا كۈچكە ئىگە بولالايدۇ. ئۇلار:

(1) ئاخىرقى ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ تەكرالىنىشى: bar ~ barring ~ barred

(2) ئاخىردىكى -e نىڭ تاشلىنىپ قېلىنىشى ياكى قوشۇلۇشى: create ~ creating ~ created

(3) ئاخىردىكى -y نىڭ ئورنىغا -i- نىڭ ئالمىشىشى: carry ~ carries ~ carrying ~ carried

بۇنداق ئەھۋاللار پېئىللاردىكى ئۆزگىرىشلەرنى خاتىرىلەشتىكى قائىدىلەرنى كېڭەيتىپ، تۆۋەندىكى مىساللاردا كۆرسىتىلگەندەك روشەن ئۆزگىرىشلەرنى ئويلىشىشتا ۋە ئاسان ئەستە قالدۇرۇشتا زۆرۈر بولىدۇ:

*die ~ dying ~ died*
*dye ~ dyeing ~ dyed*

*bar ~ barring ~ barring*
*bare ~ baring ~ bared*

*star ~ starring ~ starred*
*stare ~ staring ~ stared*

*sing ~ singing ~sang/sung*
*singe ~ singeing ~ singed*

*stop ~ stopping ~ stopped*
*stoop ~stooping ~ stooped*

*hop ~ hopping ~ hopped*
*hope ~ hoping ~ hoped*

-y بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىللاردا -y نىڭ ئالدىدىكى تاۋۇش ئۈزۈك تاۋۇش بولسا، پېئىللارنىڭ ئەسلى شەكلىگە -s، -ing ياكى -ed قوشۇلغاندا تۆۋەندىكىدەك ئۆزگىرىشلەر كېلىپ چىقىدۇ:

(a) بۇنداق پېئىللارنىڭ كەينىگە -s قوشۇلۇشتىن ئىلگىرى -y نىڭ ئورنىغا -ie ئالمىشىدۇ:

*carry ~ carries* *try ~ tries* *dry ~ dries* *deny ~ denies* *fancy ~ fancies*

(b) بۇنداق پېئىلارنىڭ كەينىگە -ed قوشۇلۇشتىن ئىلگىرى -y نىڭ ئورنىغا -i ئالمىشىدۇ:

*carry ~ carried* *try ~ tried* *dry ~ dried* *deny ~ denied* *fancy ~ fancied*

-y بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىللاردا -y نىڭ ئالدىدىكى تاۋۇش سوزۇق تاۋۇش بولسا ياكى -y نىڭ كەينىگە -ing قوشۇلغاندا -y ئۆزگەرمەيدۇ. مەسىلەن:

*stay ~ stayed* *alloy ~ alloys* *carry ~ carrying* *stay ~ staying*

-ie بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىللارنىڭ يېزىلىشىدا -ing قوشۇلغاندا يەنە بىرخىل ئوخشىمايدىغان ئۆزگىرىش -ie نىڭ -y غا ئالمىشىشى كۆرۈلىدۇ، بىراق -ed ياكى -es قوشۇلغاندا بۇنداق ئۆزگىرىش كۆرۈلمەيدۇ. بۇنداق پېئىللاردىن تۆۋەندىكىلەر بار:

*die ~ dying* *lie ~ lying* *tie ~ tying* *vie ~ vying*

## 6. -*ing* ۋە -*ed* نىڭ ئالدىدا ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپىنىڭ قوش يېزىلىشى Doubling of consonants before –*ing* and -*ed*

ئەگەر ئەسلى شەكلىنىڭ ئاخىرقى بوغۇمى ئۇرغۇلۇق بولسا ياكى تاق سوزۇق تاۋۇش ھەرپىدىن تەركىب تاپقان بولسا كەيندىكى ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپى -ing ۋە -ed قوشۇلۇشتىن ئىلگىرى قوش يېزىلىدۇ:

*bar ~ 'barring ~ barred* *beg ~ 'begging ~ begged* *pa'trol ~ pa'trolling ~ pa'trolled*
*oc'cur ~ oc'curring ~ oc'curred* *per'mit ~ per'mitting ~ per'mitted*

ئاخىرقى بوغۇمى ئۇرغۇسىز بولغان تەقدىردىمۇ بەزى ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپلىرى قوش يېزىلىدىغان ئەھۋاللار بولىدۇ. تۆۋەندىكى ئەھۋاللار (a-c) دا قوش يېزىلىش ئەنگلىيە ئىنگلىزتىلى (BrE) دا نورمال، ئامېرىكا ئىنگلىز تىلى (AmE) دا تاللىنىشچان ياكى ئاز كۆرۈلىدىغان ئەھۋال ھېسابلىنىدۇ:

(a) پېئىللاردىن ئاخىرقى بوغۇمى ئۇرغۇسىز بولغان ھەم -l بىلەن ئاخىرلاشقانلىرى:

*'travel ~ travelling ~ travelled* <BrE and AmE>
*'travel ~ traveling ~ traveled* <AmE>
*'cancel, 'counsel, 'dial, 'modal, 'signal* <يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش>

(b) پېئىللاردىن -m(me) ئەگىشىپ كەلگەن ئۇرغۇسىز بوغۇم بىلەن ئاخىرلاشقانلىرى:

*'program(me) ~ 'programming ~ 'programmed* <BrE and AmE>
*'program ~ 'programing ~ 'programed* <AmE>

(c) پېئىللاردىن p- ئەگىشىپ كەلگەن ئۆزگۈسىز بوغۇم بىلەن ئاخىرلاشقانلىرى:

*'worship ~ 'worshipping ~ 'worshipped* <BrE and AmE>
*'worship ~ 'worshiping ~ 'worshiped* <AmE>

(d) پېئىللاردىن g- ئەگىشىپ كەلگەن ئۆزگۈسىز بوغۇم بىلەن ئاخىرلاشقانلىرى:

*'humbug ~ 'humbugging ~ 'humbugged*

(e) سوزۇق تاۋۇشقا ئەگىشىپلا كەلگەن c- بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىللاردىكى ئۆزۈك تاۋۇش ھەرپىنىڭ قوش يېزىلىشى ck- قىلىپ يېزىلىدۇ:

*'panic ~ 'panicking ~ 'panicked* *'traffic ~ 'trafficking ~ 'trafficked*

(f) بىرقىسىم s- ئەگىشىپ كەلگەن سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىللاردا ھەم قوش يېزىلىش ھەم تاق يېزىلىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ:

*'bias ~ 'biasing / 'biassing ~ 'biased / 'biassed*
*'bus ~ 'busing / bussing ~ bused / bussed*
*'focus ~ focusing / focussing ~ focused / focussed*

## 7. e- نىڭ تاشلىنىشى ياكى قوشۇلۇشى Deletion and addition of *-e*

پېئىللارنىڭ ئارقىسىدىكى e- دىن تاۋۇش چىقمىسا ئادەتتە كەينىگە ing- ياكى ed- قوشۇلغاندا چۈشۈپ قالىدۇ:

*create ~ creating ~ created* *shave ~ shaving ~ shaved*
*bake ~ baking ~ baked* *type ~ typing ~ typed*

ئەسلى شەكلى ye-، oe- ۋە nge- بىلەن ئاخىرلىشىدىغان بىر بوغۇملۇق پېئىللار بۇ قائىدىنىڭ سىرتىدا بولۇپ، /ndʒ/ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، ing- قوشۇلغاندا e- چۈشۈپ قالمايدۇ، بىراق ed- قوشۇلغاندا e- چوقۇم چۈشۈپ قالىدۇ:

*dye ~ dying ~dyed* *singe ~ singeing ~ singed*
*hoe ~ hoeing ~ hoed* *tinge ~ tingeing ~ tinged*

ed- قوشۇلغاندا يەنە ie- ياكى ee- بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىللاردىكى e- چۈشۈپ قالىدۇ:

*tie ~ tied* *die ~ died* *agree ~ agreed*

تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللاردا قوشماقچى بولغان s- نىڭ ئالدىغا e- قوشۇلىدۇ:

(a) تۆۋەندىكىدەك چىش سۈركەلمە تاۋۇشلىرىنى چىقىرىدىغان ھەرپلەرنىڭ كەينىدىن:

*-s: pass ~ passes* *-z: buzz ~ buzzes* *-ch: watch ~ watches*
*-sh: wash ~ washes* *-x: coax ~ coaxes*

(b) GO، DO، ECHO، VETO قاتارلىقلاردىكى o- نىڭ كەينىدىن:

*go ~ goes* *do ~ does* /dʌs/ *echo ~ echoes* *veto ~ vetoes*

# قائىدىسىز مۇستەقىل پېئىللارنىڭ مورفولوگىيىسى
# The morphology of irregular full verbs

قائىدىسىز پېئىللار S- شەكلى بىلەن ING- شەكلى جەھەتتە قائىدىلىك پېئىللار بىلەن ئوخشايدۇ. بىراق ئۆتكەن زامان ۋە ED- (ئۆتكەن زامان) ئارماق شەكىللىرى جەھەتتە ئۇلار ئوخشاشمايدۇ. قائىدىسىز پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامان ۋە ئۆتكەن زامان ئارماق شەكىللىرى بىرەر قائىدە بويىچە ياسالغان بولماستىن ئۆزىگە خاس شەكىللەرگە ئىگە بولىدۇ:

(a) قائىدىسىز پېئىللارنىڭ قائىدىلىك ed- شەكلى بولمايدۇ:

*burn ~ burnt* *come ~ came ~ come* *sing ~ sang ~ sung*

(b) قائىدىسىز پېئىللارنىڭ ئەسلى شەكلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار كۆپىنچە ئۆتكەن زامان ۋە ئۆتكەن زامان تارماق شەكىللىرىدە ئۆزگىرىدۇ:

*choose ~ chose ~ chosen* *write ~ wrote ~ written*

(c) قائىدىسىز پېئىللاردا ناھايىتى كۆپ ئوخشىمايدىغان ئۆتكەن زامان ۋە ئۆتكەن زامان تارماق شەكىللىرى بولىدۇ.

گەرچە قائىدىسىز پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامان ۋە ئۆتكەن زامان تارماق شەكىللىرى بىرقەدەر كۆپ بولسىمۇ، بىراق قائىدىسىز پېئىللارنىڭ S- شەكلى بىلەن ING- تارماق شەكلى قائىدىلىك پېئىللار بىلەن ئوخشاش بولغاچقا، باشقا ئۈچ خىل شەكلىدىكى خىلمۇ خىللىقنى قائىدىسىز پېئىللارنىڭ ئەسلى شەكلىنى V بىلەن، ئۆتكەن زامان شەكلىنى $V_1$ بىلەن ۋە ئۆتكەن زامان تارماق شەكلىنى $V_2$ بىلەن ئىپادە قىلىپ تۆۋەندىكىدەك بەش خىلغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

| | V | V-*ed*₁ | V-*ed*₂ |
|---|---|---|---|
| (a) ئۈچىلا شەكلى ئوخشاشلىرى: | *cut* | *cut* | *cut* |
| (b) $V\text{-}ed_2 = V\text{-}ed_1$ : | *meet* | *met* | *met* |
| (c) $V\text{-}ed_1 = V$ : | *beat* | *beat* | *beaten* |
| (d) $V\text{-}ed_2 = V$ : | *come* | *came* | *come* |
| (e) ئۈچىلا شەكلى ئوخشىمايدىغانلىرى: | *speak* | *spoke* | *spoken* |

## 8. قائىدىسىز پېئىل تۈرلىرى Irregular verb classes

ئىنگلىز تىلىدىكى 250 دىن ئارتۇقراق قائىدىسىز پېئىللارنى يۇقىرىدىكى ئوخشاشلىقلار ۋە پەرقلەر تەرىپىدىن كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان ئۆلچەملەر ئاساسىدا تۈرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ. تەلەپپۇزى ۋە يېزىلىشىنىڭ ھەرئىككىلىسىنى بىرلىكتە ئويلىشىش ئىمكانىيىتى بولمىغاچقا، قائىدىسىز پېئىللارنىڭ تۈرلىرىنى بېكىتىشتە پەقەت ئۇلارنىڭ تەلەپپۇزىلا نەزەرگە ئېلىنىپ، مەلۇم بىر پېئىلنىڭ قائىدىسىز پېئىل ياكى ئەمەسلىكىگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. پېئىللارنى تۈرگە ئايرىشتا تۆۋەندىكى ئۆلچەملەر قوللىنىلىدۇ:

(a) ئۆتكەن زامان شەكلى ($V\text{-}ed_1$) بىلەن ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى ($V\text{-}ed_2$) دە ئارقا قوشۇمچىلارنىڭ ئىشلىتىلىشى (use of suffix):

*dream ~ dreamed ~ dreamt* *shake ~ (shook) ~ shaken*

(b) ئۆتكەن زامان ۋە ئۆتكەن زامان تارماق شەكلىدىكى ئوخشاشلىق (V-*ed* identity):

*(meet) ~ met ~ met* *(bring) ~ brought ~ brought*

(c) سوزۇق تاۋۇش ئوخشاشلىقى (Vowel identity):

*cut ~ cut ~ cut* *saw ~ sawed ~ sawed / sawn*

تۆۋەندىكى جەدۋەلدە بۇ ئۈچ ئۆلچەمنىڭ قائىدىسىز پېئىللارنى قانداق تۈرگە ئايرىيدىغانلىقى كۆرسىتىلدى:

| تۈرلىرى Classes | (a) Use of suffix | (b) V-*ed* identity | (c) Vowel identity | *Examples* V | V-*ed*₁ | V-*ed*₂ |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | + | + | + | *burn* | *burned/burnt* | *burned/burnt* |
| 2 | + | ± | + | *saw* | *sawed* | *sawed/sawn* |
| 3 | + | + | – | *bring* | *brought* | *brought* |
| 4 | + | – | – | *break* | *broke* | *broken* |
| 5 | – | + | + | *cut* | *cut* | *cut* |
| 6 | – | + | – | *strike* | *struck* | *struck* |
| 7 | – | – | – | *swim* | *swam* | *swum* |

جەدۋەلدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، 1-تۈردە ئۈچ پىلۇس بەلگىسى بولۇپ، بۇ تۈردىكى burn گە ئوخشاش پېئىللار قائىدىلىك پېئىللارغا ناھايىتى يېقىن تۇرىدۇ. بىرلا ئوخشىمايدىغان يېرى، ھەر بىر پېئىلنىڭ يەنە ماس ۋارىيانتلىرى بولىدۇ.

2-تۈردىكى پېئىللارنىڭ ed- بىلەن ياسىلىدىغان ئۆتكەن زامان شەكلى ۋە يەنە تاللاشقا بولىدىغان ئىككى خىل ئارقا قوشۇمچىسى بار، شۇنداقلا يەنە ھەممىسىنىڭ سوزۇق تاۋۇش ئوخشاشلىقى بار.

3-تۈردىكى پېئىللارنىڭ سوزۇق تاۋۇش ئوخشاشلىقى يوق. مەسىلەن: bring ~ brought

4-تۈردىكى پېئىللاردا ئوخشىمايدىغان ئۈچ خىل شەكىل بولۇپ، ئۆتكەن زامان تارماق شەكلىدە دائىم n- دىن ئىبارەت ئارقا قوشۇمچە بولىدۇ. مەسىلەن: break ~ broke ~ broken

5-تۈردىكى پېئىللاردا ئوخشاش ئۈچ خىل شەكىل بولىدۇ. مەسىلەن: cut ~ cut ~ cut

6-تۈردىكى پېئىللاردا ئۆتكەن زامان ۋە ئۆتكەن زامان تارماق شەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشلىق بولۇپ، ئارقا قوشۇمچىلار بولمايدۇ، شۇنداقلا ئەسلى شەكلىدىكى سوزۇق تاۋۇش بۇ ئىككى شەكىلدە ئۆزگىرىدۇ: strike ~ struck ~ struck

7-تۈردىكى پېئىللار مۇستەقىل پېئىللار ئىچىدىكى ئەڭ قائىدىسىز پېئىللار تۈرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ تۈردىكى پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامان ۋە ئۆتكەن زامان تارماق شەكىللىرى ئوخشىمايدۇ، ئارقا قوشۇمچە بولمايدۇ، ئەسلى شەكلىدىكى سوزۇق تاۋۇش قالغان ئىككىسىدە ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن، swim ~ swam ~ swum.

بۇلاردىن باشقا، ئالاھىدە قائىدىسىز پېئىل go ~ went ~ gone مۇ بولۇپ، ئۇنىڭ پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان ئۆتكەن زامان شەكلى بولىدۇ.

## 9. تۈر تەرتىپىدە تىزىلغان قائىدىسىز پېئىللار Irregular verbs listed in class order

### 1-تۈرى

**ئالاھىدىلىكلىرى:**

ئارقا قوشۇمچە ئىشلىتىلىدۇ بىراق، تاۋۇش چىقىرىش ئوخشىمايدۇ. ئۆتكەن زامان ۋە ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى ئوخشاش بولىدۇ ھەمدە ھەممە ئۈچىلا شەكلىدە سوزۇق تاۋۇش ئوخشاش بولىدۇ.

| V | V-*ed* (V-*ed*₁=V-*ed*₂) | | V | V-*ed* (V-*ed*₁=V-*ed*₂) |
|---|---|---|---|---|
| *burn* | *burnt / burned* | <R> | *build* | *built* |
| *dwell* | *dwelt / dwelled* | <R> | *rebuild* | *rebuilt* |
| *earn* | *earned* | <R> | *lend* | *lent* |
| *learn* | *learnt / learned* | <R> | *rend* | *rent* |
| *smell* | *smelt / smelled* | <R> | *spend* | *spent* |
| *spell* | *spelt / spelled* | <R> | *misspend* | *misspent* |
| *misspell* | *misspelt / misspelled* | <R> | *send* | *sent* |
| *spill* | *spilt / spilled* | <R> | *make* | *made* |
| *spoil* | *spoilt / spoiled* | <R> | *remake* | *remade* |
| *bend* | *bent* (adj: *bended*) | | *unmake* | *unmade* |
| *unbend* | *unbent* (adj: *unbended*) | | *have* (*has*) | *had* |
| ‹R› شۇپېئىلنىڭ قائىدىلىك ed- شەكلىنىڭمۇ بارلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. | | | *have نىڭ s- شەكلى has نىڭمۇ V-*ed* شەكىللىرى بىرخىل | |

### 2-تۈرى

**ئالاھىدىلىكلىرى:**

ئۆتكەن زامان تارماق شەكلىنىڭ ئىككى ئارقا قوشۇمچىسى بولىدۇ، بۇ قوشۇمچىنىڭ بىرسى قائىدىلىك بولۇپ، ئۆتكەن زامان شەكلى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ، يەنە بىر ئارقا قوشۇمچىسى n- بولىدۇ. ئۆتكەن زامان شەكلىدىكى سوزۇق تاۋۇش ئەسلى شەكلىدىكىسى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

| V | V-$ed_1$ | V-$ed_2$ |
|---|---|---|
| *hew* | *hewed* | *hewn/hewed* <R> |
| *mow* /əʊ/ | *mowed* | *mown/mowed*<R> |
| *saw* | *sawed* | *sawn/sawed* <R> |
| *sew* /əʊ/ | *sewed* | *sewn/sewed* <R> |
| *shear* | *sheared* | *shorn/sheared*<R> |

| V | V-$ed_1$ | V-$ed_2$ |
|---|---|---|
| *show* | *showed* (*shew* | *shown/showed*<R> *shewed/shewn* ) |
| *sow* /əʊ/ | *sowed* | *sown/sowed* <R> |
| *strew* /u:/ | *strewed* | *strewn/strewed*<R> |
| *swell* | *swelled* | *swollen/swelled*<R> |

‹R› شۇپپېئىلنىڭ قائىدىلىك ed- شەكلىنىڭمۇ بارلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

## 3-تۈرى

ئارقا قوشۇمچىلار ئىشلىتىلىدۇ، بىراق تاۋۇش چىقىرىش پەرقلىق بولىدۇ، ئۆتكەن زامان ( V-$ed_1$) ۋە ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى ( V-$ed_2$ ) ئوخشاش ، بىراق ئەسلى شەكلىدىكى بوغۇم بۇ شەكىللەردە ئۆزگىرىدۇ.

| V | V-*ed* (V-$ed_1$=V-$ed_2$) | |
|---|---|---|
| /i:/ ~ | /e/ | |
| *bereave* | *bereft / bereaved* | <R> |
| *cleave* | *cleft / cleaved* | <R> |
| *creep* | *crept* | |
| *(mis)deal* | *(mis)dealt* /e/ | |
| *dream* | *dreamt /dreamed* | <R> |
| *feel* | *felt* | |
| *flee* | *fled* | |
| *keep* | *kept* | |
| *kneel* | *knelt / kneeled* | <R> |
| *lean* | *leant / leaned* | <R> |
| *leap* | *leapt / leaped* | <R> |
| *leave* | *left* | |
| *mean* | *meant* | |
| *(over)sleep* | *(over)slept* | |
| *sweep* | *swept* | |
| *weep* | *wept* | |

| V | V-*ed* (V-$ed_1$=V-$ed_2$) |
|---|---|
| ~ | /ɔ:/ |
| *beseech* | *besought/beseeched* <R> |
| *bring* | *brought* |
| *buy* | *bought* |
| *catch* | *caught* |
| *seek* | *sought* |
| *teach* | *taught* |
| *(re)think* | *(re)thought* |
| /u:/ ~ | /ɔ/ |
| *lose* | *lost* |
| /e/ ~ | /əʊ/ |
| *sell* | *sold* |
| *tell* | *told* |
| /iə/ ~ | /ɜ:/ |
| *hear* | *heard* |
| /ei/ ~ | /e/ |
| *say* | *said* |

## 4-تۈرى

بۇ تۈردىكى پېئىللارنىڭ V-$ed_1$ شەكلى بىلەن V-$ed_2$ شەكلى ئوخشىمايدۇ، V-$ed_2$ شەكلىدە دائىم ئارقا قوشۇمچە n- بولىدۇ. ئەسلى شەكلى بىلەن سوزۇق تاۋۇش ئوخشاشلىقى بولمايدۇ.

| V | V-$ed_1$ | V-$ed_2$ |
|---|---|---|
| V-$ed_1$ بىلەن V-$ed_2$ دە ئوخشاش سوزۇق تاۋۇش بارلىرى | | |
| ~ | /əʊ/ | /əʊ/ |
| *break* /ei/ | *broke* | *broken* |
| *choose* /u:/ | *chose* | *chosen* |
| *(un)freeze* | *(un)froze* | *(un)frozen* |
| *deepfreeze* | *deepfroze* | *deepfrozen* |
| *speak* /i:/ | *spoke* | *spoken* |
| *steal* /i:/ | *stole* | *stolen* |
| *(a)wake(n)* | *(a)woke* | *(a)woken* |
| *weave* | *wove/weaved* | *woven/weaved* |
| /e/ ~ | /ɔ/ | /ɔ/ |
| *forget* | *forgot* | *forgotten* |
| *tread* | *trod* | *trodden /trod* |

| V | V-$ed_1$ | V-$ed_2$ |
|---|---|---|
| V-$ed_1$ بىلەن V-$ed_2$ دە ئوخشاش سوزۇق تاۋۇش بارلىرى | | |
| /eə/ ~ | /ɔ:/ | /ɔ:/ |
| *bear* | *bore* | *borne* |
| *swear* | *swore* | *sworn* |
| *tear* | *tore* | *torn* |
| *wear* | *wore* | *worn* |
| /ai/ ~ | /i/ | /i/ |
| *bite* | *bit* | *bitten* |
| *chide* | *chid* | *chidden/chid/chided* |
| *hide* | *hid* | *hidden/hid* |
| /ai/ ~ | /ei/ | /ei/ |
| *lie* | *lay* | *lain* |

| V | V-$ed_1$ | V-$ed_2$ |
|---|---|---|
| V بىلەن V-$ed_2$ دە ئوخشاش سوزۇق تاۋۇش بارلىرى | | |
| /əʊ/ ~ | /u:/ | /əʊ/ |
| *blow* | *blew* | *blown* |
| *(out)grow* | *(out)grew* | *(out)grown* |
| *know* | *knew* | *known* |
| *(over)throw* | *(over)threw* | *(over)thrown* |
| /ei/ | /u:/ | /ei/ |
| *forsake* | *forsook* | *forsaken* |
| *shake* | *shook* | *shaken* |
| *(mis)take* | *(mis)took* | *(mis)taken* |
| *overtake* | *overtook* | *overtaken* |
| *partake* | *partook* | *partaken* |
| *undertake* | *undertook* | *undertaken* |
| /i/ ~ | | /i/ |
| *forbid* | *forbade/forbad* | *forbidden/forbid* |
| *give* | *gave* | *given* |
| /ɔ:/ | | /ɔ:/ |
| *draw* | *drew* | *drawn* |
| *fall* | *fell* | *fallen* |
| /i:/ | | /i:/ |
| *eat* | *ate* | *eaten* |
| *see* | *saw* | *seen* |
| /ei/ | | /ei/ |
| *slay* | *slew* | *slain* |

| V | V-$ed_1$ | V-$ed_2$ |
|---|---|---|
| ئۈچىلا شەكلىدە ئوخشىمايدىغان سوزۇق تاۋۇش بارلىرى | | |
| /ai/ ~ | /əʊ/ | /i/ |
| *drive* | *drove* | *driven* |
| *(over)ride* | *(over)rode* | *(over)ridden* |
| *(a)rise* | *(a)rose* | *(a)risen* |
| *smite* | *smote* | *smitten* |
| *stride* | *strode* | *strid/stridden/strode* |
| *strive* | *strove/strived* | *striven/strived* |
| *write* | *wrote* | *written* |
| /ai/ ~ | /u:/ | /əʊ/ |
| *fly* | *flew* | *flown* |
| /u:/ ~ | /i/ | /ʌ/ |
| *do (does)* | *did* | *done* |
| ئۈچىلا شەكلىدە ئوخشاش سوزۇق تاۋۇش بارلىرى | | |
| /i:/ | /i:/ | /i:/ |
| *beat* | *beat* | *beaten* |
| /ai/ | /ai/ | /ai/ |
| *dive* | *dived* <R> | *dived* <R> |
| | *dove* | |
| *shrive* | *shrived*<R> | *shrived*<R> |
| | *shrove* | *shriven* |
| *thrive* | *thrived*<R> | *thrived* <R> |
| | *throve* | *thriven* |

## 5-تۈرى

**ئالاھىدىلىكلىرى:**

ئۈچىلا شەكلى يەنى V، V-$ed_1$ ۋە V-$ed_2$ شەكىللىرى ئوخشاش بولۇپ، ئارقا قوشۇمچىلىرى بولمايدۇ. ئەسلى شەكلىدىكى سوزۇق تاۋۇش ئۆزگەرمەيدۇ.

| V = V-$ed_1$ = V-$ed_2$ | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| *bet* | *(betted* <R>*)* | *let* | | *split* | |
| *bid* | *(~bade~ bidden)* | *put* | *(putted* <R>*)* | *spread* | |
| *burst* | *(busted* <R>*)* | *quit* | *(quitted* <R>*)* | *sweat* | *(sweated* <R>*)* |
| *cast* | *(broadcast,…)* | *rid* | *(ridded* <R>*)* | *thrust* | |
| *cost* | | *set* | *(beset,…)* | *wed* | *(wedded* <R>*)* |
| *cut* | | *shed* | | *wet* | *(wetted* <R>*)* |
| *fit* | | *shit* | (V-$ed_1$ =*shat)* | | |
| *hurt* | | *shut* | | | |
| *knit* | *(knitted* <R>*)* | *slit* | | | |

### 6-تۈرى

ئالاھىدىلىكلىرى:

ئارقا قوشۇمچىسى يوق، V-$ed_1$ شەكلى بىلەن V-$ed_2$ شەكلى ئوخشاش، ئەسلى شەكلىدىكى سوزۇق تاۋۇش ئۆزگىرىدۇ.

| V | V-$ed_1$=V-$ed_2$ | V | V-$ed_1$=V-$ed_2$ | V | V-$ed_1$=V-$ed_2$ |
|---|---|---|---|---|---|
| /i:/ ~ | /e/ | /i/ ~ | /ʌ/ | /ai/ ~ | /i/ |
| *bleed* | *bled* | *cling* | *clung* | *light* | *lit* |
| *breed* | *bred* | *dig* | *dug* | *slide* | *slid* |
| *(over)feed* | *(overfed* | *fling* | *flung* | /i/ ~ | /æ/ |
| *(be)hold* | *(be)held* | *(over)hang* | *(over)hung* | *sit* | *sat* |
| *(mis)lead* | *(mis)led* | *sling* | *slung* | *spit* | *spat* |
| *meet* | *met* | *slink* | *slunk* | ~ | /ɔ/ |
| *reed* | *read* | *spin* | *spun* | *get* | *got /gotten*<AmE> |
| *speed* | *sped* | *stick* | *stuck* | *shine* | *shone* |
| | | *sting* | *stung* | *shoe* | *shod (shoed*<R>*)* |
| /ai/ ~ | /au/ | *strike* | *struck* | *(over)shoot* | *(over)shot* |
| *bind* | *bound* | *string* | *strung* | /ai/ ~ | |
| *find* | *found* | *swing* | *swung* | *fight* | *fought* /ɔ:/ |
| *grind* | *ground* | *win* | *won* | *abide* | *abode* /əʊ/ |
| *wind* | *wound* | *wring* | *wrung* | | |
| | | /i:/ *heave* | /əʊ/ *hove* | /æ/ *stand* | /u/ *stood* |

### 7-تۈرى

ئالاھىدىلىكلىرى:

ئارقا قوشۇمچىسى يوق، V-$ed_1$ شەكلى بىلەن V-$ed_2$ شەكلى ئوخشمايدۇ، ئەسلى شەكلىدىكى سوزۇق تاۋۇش ئۆزگىرىدۇ.

| V | V-$ed_1$ | V-$ed_2$ | V | V-$ed_1$ | V-$ed_2$ |
|---|---|---|---|---|---|
| /i/ ~ | /æ/ ~ | /ʌ/ | *come* | *came* | *come* |
| *begin* | *began* | *begun* | *become* | *became* | *become* |
| *drink* | *drank* | *drunk(en)* | *overcome* | *overcame* | *overcome* |
| *ring* | *rang/rung* | *rung/ringed* | *run* | *ran* | *run* |
| *shrink* | *shrank/shrunk* | *shrunk(en)* | *outrun* | *outran* | *outrun* |
| *sing* | *sang/sung* | *sung* | *overrun* | *overran* | *overrun* |
| *sink* | *sank/sunk* | *sunk(en)* | *rerun* | *reran* | *rerun* |
| *spring* | *sprang/sprung* | *sprung* | *go* | *went* | *gone* |
| *stink* | *stank/stunk* | *stunk* | *for(e)go* | *for(e)went* | *for(e)gone* |
| *swim* | *swam/swum* | *swum* | *undergo* | *underwent* | *undergone* |

| | | |
|---|---|---|
| telecast | telecast | telecast |
| tell | told | told |
| think | thought | thought |
| thrive | thrived, (throve) | thrived, (thriven) |
| throw | threw | thrown |
| thrust | thrust | thrust |
| tread | trod | trodden, (trod) |
| unbend | unbent | unbent |
| unbind | unbound | unbound |
| underbid | underbid | underbid, (underbidden |
| undergo | underwent | undergone |
| understand | understood | understood |
| undertake | undertook | undertaken |
| underwrite | underwrote | underwritten |
| undo | undid | undone |
| unfreeze | unfroze | unfrozen |
| unmake | unmade | unmade |
| unwind | unwound | unwound |
| uphold | upheld | upheld |
| upset | upset | upset |
| wake | woke, waked | woken, waked |
| [waylay] | [waylaid] | [waylaid] |
| wear | wore | worn |
| weave | wove | woven |
| wed | wedded, wed | wedded, wed |
| weep | wept | wept |
| wet | wetted, wet | wetted, wet |
| win | won | won |
| wind | wound | wound |
| withdraw | withdrew | withdrawn |
| withhold | withheld | withheld |
| withstand | withstood | withstood |
| wring | wrung | wrung |
| write | wrote | written |

# Verbs in auxiliary function ياردەمچى رولدىكى پېئىللار

مۇستەقىل پېئىللارغا سىلىشتۇرۇپ نۆۋەتتىكى بۆلەكلەردە ياردەمچىلىك رولىغا ئىگە بولغان پېئىللار ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. بۇ يەردە ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغان ياردەمچى پېئىللار تۈپ پېئىللار (Primary verbs) دىن be، do ۋە have قاتارلىقلار شۇنداقلا تۈس پېئىللار (Modal verbs) دىن can، may، will، shall، could، might، would، should ۋە must قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. تۈس پېئىللار جۈملىلەردە پەقەت ياردەمچىلىك رولىغىلا ئىگە بولغاچقا ئادەتتە تۈس ياردەمچى پېئىللار (Modal auxiliaries) دەپمۇ قارىلىدۇ.

ياردەمچى پېئىللار پېئىل سۆز بىرىكمىسىگە ئوخشاش بولمىغان تۈزەپلەرنى قوشىمۇ، بىراق ئۇلار ئورتاق بىرخىل سىنتاكسلىق فۇنكسىيىگە ئىگە، يەنى، ئۇلار چەكلىملىك پېئىل سۆز بىرىكمىسىنىڭ بىرىنچى پېئىلى بولۇپ كېلىپ، فۇنكسىيىلىك پېئىل (1. باب 16) رولىنى ئوينايدۇ، شۇنداقلا ئۇلار يەنە yes-no سوراق جۈملىلىرىنى تۈزىدۇ:

*Is* he *asking* any questions? (ئۇ سوئال سوراۋاتامدۇ؟)
*Has* he *been asking* any question? (ئۇ سوئال سوراپ تۇرىۋاتامدۇ؟)
*Was* he *asked* any questions? (ئۇنىڭدىن سوئال سورالدىمۇ؟)
*Will* he *be asked* any questions? (ئۇنىڭدىن سۇئال سورىلامدۇ؟)
*Has* he *asked* any questions? (ئۇ سوئال سوراپ تۇردىمۇ؟)
*Does* he *ask* any questions? (ئۇ سوئال سورامدۇ؟)


بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان فۇنكسىيىلىك پېئىل، يەنى پېئىل سۆز بىرىكمىسىدىكى بىرىنچى ياردەمچى پېئىلنى سۆز بىرىكمىسى قانچىلىك مۇرەككەپ بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئۇنى خەۋەر (يەنى، فۇنكسىيىلىك پېئىللارنى ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈش يۈزىسىدىن، شۇنداقلا ئەنئەنىۋى جۈملە بۆلەكلىرىنى تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، جۈملىنىڭ ئىگە بۆلىكىدىن باشقا بارلىق بۆلەكلىرى بۇ يەردە قىسقارتىپ خەۋەر دەپلا ئاتىلىدۇ.) بۆلىكىدىن ئايرىۋېلىنىدۇ. پېئىل BE ۋە HAVE ئاساسلىق پېئىل بولۇشتىن تاشقىرى يەنە تۆۋەندىكىدەك جۈملىلەردە ئۇلار يەنىلا فۇنكسىيىلىك پېئىل سۈپىتىدە رول ئوينايدۇ:

*Is* she a tall girl? (ئۇ بىر ئېگىز قىزچاقمۇ؟) *Has* he any money? (ئۇنىڭدا پۇل بارمۇ؟)

تۆۋەندىكى جۈملە ئارقىلىق مۇرەككەپ پېئىل سۆز بىرىكمىسىنىڭ قۇرۇلمىسىنى سىخېمىدا كۆرسىتىلگەندەك مۇلاھىزە قىلىشقا بولىدۇ:

He *might have been being questioned* by the police.

(ئۇ ساقچى تەرىپىدىن سوراق قىلىنىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.)




**پايدىلانمىلار**

sentence – جۈملە
subject – ئىگە
predicate – خەۋەر
predication – خەۋەر بايانى
auxiliary – ياردەمچى پېئىل
operator – فۇنكسىيىلىك پېئىل

يۇقىرىقى جۈملىدىكى might فۇنكسىيىلىك پېئىل بولۇپ، باشقا پېئىللار كېيىن خەۋەر بايانىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ كەلگەن.

## 11. ياردەمچى پېئىللارغا قويۇلىدىغان ئۆلچەملەر Criteria for auxiliary verbs

ياردەمچى پېئىللارنىڭ سىنتاكسىلىق فۇنكسىيىسىگە قويۇلغان ئۆلچەملەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇلارنىڭ فۇنكسىيىلىك پېئىللىق ئورنىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، پېئىل be ۋە have گە نىسبەتەن ئۇلارنىڭ ئاساسلىق پېئىللىق ئورنىغىمۇ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكى (a)، (c)، (d) ۋە (e) لاردا ئوتتۇرىغا قويۇلدى. باشقىلىرىدىن (b) مورفولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكىگە، (f) ۋە (g) لار سىنتاكسىلىق فۇنكسىيىسىگە ۋە پېئىل سۆز بىرىكمىسىدىكى بىرلىكلەرنىڭ ئورۇنلىشىش تەرتىپىگە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

### (a) not بىلەن كەلگەن ئىنكار جۈملىلەردە فۇنكسىيىلىك پېئىل بولۇشى

چەكلىملىك تارماق جۈملىلەرنىڭ ئىنكار شەكىللىرىنى ياساشتا بىرىنچى ياردەمچى پېئىل فۇنكسىيىلىك پېئىل سۈپىتىدە ئىنكار سۆز not نىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

She *can* do it. (ئۇ بۇنى قىلالايدۇ.) She *can*not do it. (ئۇ بۇنى قىلالمايدۇ.)
She *saw* the play. (ئۇ ئويۇننى كۆردى.) *She *saw* not the play. (خاتا)


bilgkut@yahoo.com

www.meripet.org

# Verb tenses ‎.6 پېئىل زامانلىرى


| | | |
|---|---|---|
| **Verb tenses** | **158** | **پېئىل زامانلىرى** |
| **Present tenses** | **160** | **هازىرقى زامان** |
| 1. Present simple tense | 160 | .1 هازىرقى زامان ئاددىي شەكلى |
| 2. Present continuous tense | 164 | .2 هازىرقى زامان ئىزچىل شەكلى |
| 3. Present perfect tense | 170 | .3 هازىرقى زامان پۈتكەن شەكلى |
| 4. Present perfect continuous tense | 172 | .4 هازىرقى زامان پۈتكەن ئىزچىل شەكلى |
| **Past tenses** | **174** | **ئۆتكەن زامان** |
| 5. Past simple tenses | 174 | .5 ئۆتكەن زامان ئاددىي شەكلى |
| 6. Past continuous tense | 177 | .6 ئۆتكەن زامان ئىزچىل شەكلى |
| 7. Past perfect tense | 179 | .7 ئۆتكەن زامان پۈتكەن شەكلى |
| 8. Past perfect continuous tense | 181 | .8 ئۆتكەن زامان پۈتكەن ئىزچىل شەكلى |
| **Future tenses** | **182** | **كەلگۈسى زامان** |
| 9. Future simple tense | 184 | .9 كەلگۈسى زامان ئاددىي شەكلى |
| 10. Future continuous tense | 189 | .10 كەلگۈسى زامان ئىزچىل شەكلى |
| 11. Future perfect tense | 191 | .11 كەلگۈسى زامان پۈتكەن شەكلى |
| 12. Future perfect continuous tense | 193 | .12 كەلگۈسى زامان پۈتكەن ئىزچىل شەكلى |
| **Other ways of expressing future** | **194** | **كەلگۈسنى ئىپادىلەشنىڭ باشقا ئۇسۇللىرى** |
| A. ***be going to*** | 194 | be going to ·A |
| B. ***is to*** | 197 | is to ·B |
| C. ***is about to*** | 197 | is about to ·C |
| **Conditional tenses** | **197** | **شەرتلىك زامان شەكىللىرى** |
| 13. Conditional simple tense | 197 | .13 شەرتلىك زامان ئاددىي شەكلى |
| 14. Conditional continuous tense | 199 | .14 شەرتلىك زامان ئىزچىل شەكلى |
| 15. Conditional perfect tense | 201 | .15 شەرتلىك زامان پۈتكەن شەكلى |
| 16. Conditional perfect continuous tense | 202 | .16 شەرتلىك زامان پۈتكەن ئىزچىل شەكلى |
| **Sequences of tenses** | **204** | **زامانلارنىڭ تەرتىپى** |


www.bilgkut.com

www.meripet.org

# 7. Adjectives سۈپەتلەر


| | | |
|---|---|---|
| **Characteristics of adverbs** | **207** | **سۈپەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى** |
| 1. Instruction | 207 | 1. قىسقىچە چۈشەنچە |
| 2. Four criteria for adjectiv | 208 | 2. سۈپەتلەرگە قويۇلىدىغان تۆت ئۆلچەم |
| 3. Central and peripheral adjective | 208 | 3. مەركىزىي ۋە يەكلىمە سۈپەتلەر |
| **The adjective in relation to other word classes** | **210** | **باشقا سۆز تۈركۈملىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك سۈپەتلەر** |
| 4. Adjective and adverb homomorphs | 210 | 4. سۈپەت بىلەن رەۋىشنىڭ شەكىلداشلىقى |
| 5. Adverbs without *–ly* | 211 | 5. -ly سىز رەۋىشلەر |
| 6. Adjectives and adverbs in *–ly* | 212 | 6. -ly لىق سۈپەت ۋە رەۋىشلەر |
| 7. Adjectives and adverbs beginning with *a-* | 213 | 7. -a بىلەن باشلانغان سۈپەت ۋە رەۋىشلەر |
| 8. Adjectives and Nouns | 214 | 8. سۈپەتلەر بىلەن ئىسىملار |
| 9. Adjective and Participles | 216 | 9. سۈپەت ۋە پېئىللارنىڭ تارماق شەكلى |
| **Syntactic Functions of Adjectives** | **219** | **سۈپەتلەرنىڭ سىنتاكسىسلىق رولى** |
| 10. The syntactic position of adjectives | 219 | 10. سۈپەتلەرنىڭ جۈملىدىكى ئورنى |
| 11. Attributive and Predicative | 219 | 11. ئېنىقلىغۇچى ۋە كېسىم خەۋەر |
| 12. Attributive Adjectives | 220 | 12. ئېنىقلىغۇچى سۈپەتلەر |
| 13. Predicative Adjectives | 221 | 13. كېسىم سۈپەتلەر |
| 14. Postpositive Adjectives | 222 | 14. ئارقا قوشۇلما سۈپەت |
| 15. Adjectives with complementation | 223 | 15. تولۇقلىغۇچى بىلەن كېلىدىغان سۈپەتلەر |
| 16. Adjectives as heads of noun phrase | 224 | 16. ئىسىم سۆز بىرىكمىسىنىڭ مەركىزى بولىدىغان سۈپەتلەر |
| 17. Supplementive adjective clauses | 225 | 17. تولۇقلىما سۈپەت بېقىندى جۈملە |
| 18. Contingent Adjective Clauses | 226 | 18. شەرتلىك سۈپەت بېقىندى جۈملە |
| 19. Exclamatory Adjective Clause | 227 | 19. ئۈندەش سۈپەت بېقىندى جۈملە |
| **Syntactic Subclassification of Adjectives** | **227** | **سۈپەتلەرنىڭ سىنتاكسىسلىق تۈرلىرى** |
| 20. Adjectives can be only attributive | 227 | 20. پەقەت ئېنىقلىغۇچىلا بولالايدىغان سۈپەتلەر |
| 21. Intensifying Adjectives | 229 | 21. كۈچەيتمە سۈپەتلەر |
| 22. Restrictive Adjectives | 229 | 22. چەكلىملىك سۈپەتلەر |
| 23. Adjectives which can be only predicatively | 230 | 23. پەقەت كېسىم خەۋەرلا بولالايدىغان سۈپەتلەر |
| **Ordering of adjectives in premodification** | **231** | **سۈپەتلەرنىڭ ئېنىقلىغۇچىدىكى تەرتىپى** |
| 24. Position of adjectives in relation to determiners | 231 | 24. چەكلىمە سۆزلەرگە مۇناسىۋەتلىك سۈپەتلەرنىڭ ئورنى |


www.bilgkut.com

| | | |
|---|---|---|
| 25· Order of adjectives | 231 | 25. سۈپەتلەرنىڭ تەرتىپى |
| 26· Formation of Adjectives | 233 | 26. سۈپەتلەرنىڭ ياسىلىشى |
| 27· Adjectives describing measurement | 236 | 27. ئۆلچەم-بىرلىكلەرنى تەسۋىرلەپ بىرىدىغان سۈپەتلەر |
| 28· Nationality names and adjectives | 236 | 28. دۆلەت، مىللەت ناملىرى ۋە ئۇلارنىڭ سۈپەت شەكىللىرى |
| **Comparison of adjectives** | **238** | **سۈپەتلەرنى سېلىشتۇرۇش** |
| 29· Three type of comparison | 238 | 29. سۈپەتلەرنى سېلىشتۇرۇشنىڭ ئۈچ خىل تۈرى |
| 30· Regular forms of Comparison | 239 | 30. سېلىشتۇرۇشنىڭ قائىدىلىك شەكىللىرى |
| 31· Irregular forms of comparison | 241 | 31. سېلىشتۇرۇشنىڭ قائىدىسىز شەكىللىرى |
| 32· Use of comparatives and superlatives | 242 | 32. سېلىشتۇرما ۋە ئاشۇرما دەرىجە شەكىللىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى |
| 33· Adjective + Preposition | 243 | 33. دائىم ئالدى قوشۇلغۇچىلار ئەگىشىپ كېلىدىغان سۈپەتلەر |

www.meripet.org

# 8. Adverbs رەۋىشلەر


| | | |
|---|---|---|
| **Characteristics of Adverbs** | **246** | **رەۋىشلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى** |
| 1. Adverb and its types | 246 | 1. رەۋىش ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى |
| 2. Adverbs of manner or process | 247 | 2. ھالەت رەۋىشلىرى |
| 3. Adverbs of time | 248 | 3. ۋاقىت رەۋىشلىرى |
| 4. Adverbs of place | 248 | 4. ئورۇن رەۋىشلىرى |
| 5. Adverbs of degree. | 248 | 5. دەرىجە رەۋىشلىرى |
| **Adverbs as clause element** | **249** | **تارماق جۈملە بۆلىكى بولىدىغان رەۋىشلەر** |
| 6. Adverbs function as adverbials | 249 | 6. رەۋىشلەر ھالەت رولىنى ئۆتەيدۇ |
| 7. Adjuncts, subjuncts, disjuncts, conjuncts | 249 | 7. سۈپەتلىگۈچىلەر، يارەمچى سۈپەتلىگۈچى، ئايرىغۇچىلار ۋە باغلىغۇچىلار |
| **The adverbs and other word classes** | **250** | **رەۋىشلەر بىلەن باشقا سۆز تۈركۈملىرى** |
| 8. Conjunct adverb and conjunction | 250 | 8. باغلىغۇچى رەۋىش ۋە باغلىغۇچى |
| 9. Adjunct adverbs and conjunctions | 251 | 9. سۈپەتلىگۈچى رەۋىشلەر ۋە باغلىغۇچىلار |
| 10. Reaction signal and initiator | 252 | 10. ئىنكاس ئۈچۈرى ۋە سۆز بېشى |
| 11. Adjunct adverbs and prepositions | 252 | 11. سۈپەتلىگۈچى رەۋىشلەر بىلەن ئالدى قوشۇلغۇچىلار |
| **Syntactic functions of adverbs** | **253** | **رەۋىشلەرنىڭ سىنتاكسىسلىق رولى** |
| 12. Adverbs used as modifiers | 253 | 12. ئېنىقلىغۇچى بولىدىغان رەۋىشلەر |
| 13. Modifier of adjective | 253 | 13. سۈپەتنىڭ ئېنىقلىغۇچىسى |
| 14. Modifier of adverb | 254 | 14. رەۋىشنىڭ ئېنىقلىغۇچىسى |
| 15. Modifier of particle, preposition | 255 | 15. يارەمچى سۆزلەر، ... نىڭ ئىنىقلىغۇچىسى |
| 16. Modifier of pronoun, predeterminer, numeral | 255 | 16. ئالماش، چەكلىمە سۆز ۋە سانلارنىڭ ئېنىقلىغۇچىسى |
| 17. Postmodifying adverbs | 256 | 17. ئارقا ئېنىقلىغۇچى رەۋىشلەر |
| 18. Premodifying adverbs | 256 | 18. ئالدى ئېنىقلىغۇچى رەۋىشلەر |
| 19. Use of Else as a modifier | 257 | 19. Else نىڭ ئېنىقلىغۇچىلىق ئىشلىتىلىشى |
| 20. Adverbs functions as complement of preposition | 257 | 20. ئالدى قوشۇلغۇچىنىڭ تولۇقلىغۇچىسى بولىدىغان رەۋىشلەر |
| 21. Modifier of noun phrase | 258 | 21. ئىسىم سۆز بىرىكمىسىنىڭ ئېنىقلىغۇچىسى |
| 22. Correspondence between adjectives, adverbs | 259 | 22. سۈپەتلەر بىلەن رەۋىشلەر ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىق |
| **Comparison of adverbs** | **260** | **رەۋىشلەرنى سېلىشتۇرۇش** |
| 23. Similarity in comparison of adverb, adjective | 260 | 23. رەۋىش ۋە سۈپەتلەرنى سېلىشتۇرۇشتىكى ئوخشاشلىق |
| 24. Comparison of adverbs | 261 | 24. رەۋىشلەرنى سېلىشتۇرۇش ئۇسۇللىرى |


www.bilgkut.com

www.meripet.org

# Prepositios ئالدى قوشۇلغۇچىلار .9


| | | |
|---|---|---|
| **Syntactic functions of prepositional phrase** | 264 | **ئالدى قوشۇلغۇچىلىق سۆز بىرىكمىسىنىڭ سىنتاكسىلىق رولى** |
| 1· Introduction· | 264 | 1. قىسقىچە چۈشەنچە |
| 2· The use of prepositions | 265 | 2. ئالدى قوشۇلغۇچىلارنىڭ ئىشلىتىلىشى |
| 3· Patterns with prepositions | 265 | 3. ئالدى قوشۇلغۇچىلار بىلەن كېلىدىغان قۇرۇلمىلار |
| 4· Definition of prepositions | 266 | 4. ئالدى قوشۇلغۇچىلارنىڭ ئېنىقلىنىشى |
| 5· Prepositions, conjunctions, verbs | 267 | 5.ئالدى قوشۇلغۇچىلار، باغلىغۇچىلار ۋە پېئىللار |
| 6· Prepositions and adverbs | 269 | 6. ئالدى قوشۇلغۇچىلار ۋە رەۋىشلەر |
| 7· Deferred prepositions | 270 | 7. سۆرۈلمە ئالدى قوشۇلغۇچىلار |
| **Simple and complex prepositions** | 271 | **ئاددىي ۋە بىرىكمە ئالدى قوشۇلغۇچىلار** |
| 8· Simple prepositions· | 272 | 8. ئاددىي ئالدى قوشۇلغۇچىلار |
| 9· Complex prepositions | 272 | 9. بىرىكمە ئالدى قوشۇلغۇچىلار |
| **prepositional meanings** | 273 | **ئالدى قوشۇلغۇچىلىق مەنىلەر** |
| **Prepositions denoting spatial relations** | 274 | **ماكان مۇناسىۋەتلىرىنى كۆرسىتىدىغان ئالدى قوشۇلغۇچىلار** |
| 10· at/in/to(ward)/away (from)/by/up | 275 | at/in/to(ward)/away (from)/by/up ·10 |
| 11· in front of/behind/outside/out of | 278 | in front of/behind/outside/out of·11 |
| 12· under/over/below/above | 278 | under/over/below/above·12 |
| 13· on/on to/off/across | 280 | on/on to/off/across ·13 |
| 14· beside/by/next to/near | 280 | beside/by/next to/near ·14 |
| 16 ·15· against · among/between | 281 | against · among/between ·16 ·15 |
| **Prepositions denoting relations in time** | 282 | **زامان مۇناسىۋەتلىرىنى كۆرسىتىدىغان ئالدى قوشۇلغۇچىلار** |
| 18 ·17after/before· Since/for/during/by/until | 282 | after/before/Since/for/during/by/until ·18 ·17 |
| 19· in/at/on/past/to/from/between | 284 | in/at/on/past/to/from/between ·19 |
| **Prepositions denoting other relations** | 286 | **باشقا مۇناسىۋەتلەرنى كۆرسىتىدىغان ئالدى قوشۇلغۇچىلار** |
| 20·21· Simple and complex prepositions | 286 | 20. 21. ئاددىي ۋە مۇرەككەپ ئالدى قوشۇلغۇچىلار |
| 22· Prepositions in *–ing* | 292 | 22. ing- بىلەن ئاخىرلاشقان ئالدى قوشۇلغۇچىلار |
| **Modification of prepositional phrases** | 293 | **ئالدى قوشۇلغۇچىلىق سۆز بىرىكمىسىنىڭ ئېنىقلىنىشى** |
| **Prepositions and prepositional adverbs** | 293 | **ئالدى قوشۇلغۇچىلار ۋە ئالدى قوشۇلغۇچىلىق رەۋىشلەر** |
| 23· Appendix: Verbs with prepositions | 294 | 23. ئالدى قوشۇلغۇچىلار بىلەن كېلىدىغان پېئىللار توپلىمى |
| 24· Appendix: Expressions with prepositions | 296 | 24. ئالدى قوشۇلغۇچىلار بىلەن كېلىدىغان بىرىكمىلەر توپلىمى |


www.bilgkut.com

www.meripet.org

# Simple Sentence ئاددىي جۈملە ·10


| | | |
|---|---|---|
| **Clause patterns** | **298** | **تارماق جۈملە قېلىپلىرى** |
| 1. Simple and multiple sentences | 298 | 1. ئاددىي ۋە قوشما جۈملىلەر |
| 2. Clause structure | 298 | 2. تارماق جۈملىنىڭ قۇرۇلمىسى |
| 3. Verb complementation | 300 | 3. خەۋەرنىڭ تولۇقلىنىشى |
| 4. There is / are … | 302 | 4. There is / are… |
| **Syntactic functions of clause elements** | **303** | **جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ سىنتاكسىسلىق رولى** |
| 5. Subject | 303 | 5. ئىگە |
| 6. Object: $O_d$ - $O_i$ | 306 | 6. تولدۇرغۇچى: $O_d$ - $O_i$ |
| 7. Complements: $C_s$ - $C_o$ | 307 | 7. تولۇقلىغۇچى: $C_s$ - $C_o$ |
| 8. Adverbials: $A_s$ – $A_o$ | 308 | 8. ھالەت: $A_s$ - $A_o$ |
| **Order of clause elements** | **312** | **تارماق جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ تەرتىپى** |
| **Subject – verb concord** | **314** | **ئىگە – خەۋەر ماسلىقى** |
| 9. General rules | 314 | 9. ئومۇمىي قائىدىلەر |
| 10. Coordinated subject | 315 | 10. تەڭداش ئىگە |
| 11. (either)… or / (neither)…nor | 315 | 11. (neither)…nor / (either)…or |
| 12. Indefinite expressions as subject | 316 | 12. ئىگە بولىدىغان ئېنىقسىز ئىبارىلەر |
| **Types of negation** | **317** | **ئىنكار قىلىشنىڭ تۈرلىرى** |


www.bilgkut.com

# Multiple Sentences قوشما جۈملىلەر ·12


| | | |
|---|---|---|
| **Types of multiple sentences** | **328** | **قوشما جۈملىنىڭ تۈرلىرى** |
| **Compound sentence** | **328** | **تەڭداش قوشما جۈملە** |
| 1. Syntactic features of coordinators | 329 | 1. تەڭداش باغلىغۇچلارنىڭ سىنتاكسىسلىق ئالاھىدىلىكلىرى |
| 2. The use of coordinators | 329 | 2. تەڭداش باغلىغۇچىلارنىڭ ئىشلىتىلىشى |
| 3. either…or/both…and/not only…but… | 330 | 3. either…or/both…and/not only… |
| **Complex sentence** | **331** | **مۇرەككەپ جۈملە** |
| 4. Subordinate and superordinate clauses | 331 | 4. بېقىندى ۋە بېقىندۇرغۇچى جۈملىلەر |
| 5. Finite, nonfinite, and verbless clauses | 333 | 5. چەكلىملىك، چەكلىمسىز ۋە خەۋەرسىز تارماق جۈملىلەر |
| 6. Indicators of subordination | 335 | 6. بېقىنىشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بەلگىلەر |

# Subordinate clauses بېقىندى جۈملىلەر ·13


| Types of subordinate clauses | 340 | بېقىندى جۈملىنىڭ تۈرلىرى |
|---|---|---|
| 1. Noun clauses | 340 | 1. ئىسىم خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملە |
| Clauses beginning with a question word | | سوراق سۆزلىرى بىلەن باشلانغان بېقىندى جۈملە |
| Noun clauses beginning with *if* and *whether* | | Whether ياكى if بىلەن باشلانغان بېقىندى جۈملە |
| Noun clauses beginning with *that* | | that بىلەن باشلانغان بېقىندى جۈملە |
| 2. Adjective clauses | 341 | 2. سۈپەت خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملە |
| Identifying adjective clauses | | پەرقلەندۈرۈش |
| Omission of the relative pronoun | | مۇناسىۋەت ئالماشنىڭ قىسقارتىلىشى |
| Prepositions come before adjective clause | | بېقىندى جۈملىنىڭ ئالدىدىكى ئالدى قوشۇمچىلار |
| Reduced adjective clauses | | قىسقارتىلغان بېقىندى جۈملىلەر |
| 3. Adverb clauses | 343 | 3. رەۋىش خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملە |
| Adverb clause markers | | بەلگىلىرى |
| Reduced adverb clauses | | قىسقارتىلغان بېقىندى جۈملىلەر |
| Prepositional expressions | | ئالدى قوشۇلغۇچىلىق ئىبارىلەر |

### Whether ياكى If بىلەن باشلىنىدىغان ئىسىم خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملىلەر

Yes-No سوئاللىرى ئىسىم خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملىگە ئايلانغاندا بۇنداق جۈملە whether ياكى If بىلەن باشلىنىدۇ:

| **Question (سوئال)** | **Noun Clause (ئىسىم خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملە)** |
|---|---|
| 1. Does he speak French? | We don’t know *whether / if he speaks French.* |
| 2. Will it work? | He wonders *whether / if it will work.* |
| 3. Did they believe him? | I don’t know *whether / if they believed him.* |

( 1. ئۇ فرانسۇزچە سۆزلەمدۇ؟ بىز ئۇنىڭ فرانسۇزچە سۆزلەيدىغان ياكى سۆزلىمەيدىغانلىقىنى بىلمەيمىز. 2. ئۇ ئىشلەرمۇ؟ ئۇ ئۇنىڭ ئىشلەيدىغان ياكى ئىشلىمەيدىغانلىغىنى بىلمەكچى. 3. ئۇلار ئۇنىڭغا ئىشەنەمتى؟ مەن ئۇلارنىڭ ئۇنىڭغا ئىشەنگەن ياكى ئىشەنمىگەنلىكىنى بىلمەيمەن.)

### That بىلەن باشلىنىدىغان ئىسىم خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملىلەر

پاكىت ياكى مەلۇم پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان جۈملىلەر that ئارقىلىق ئىسىم خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملىلەرگە ئايلاندۇرۇلىدۇ. that بىلەن باشلىنىدىغان ئىسىم خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملە باش جۈملىنىڭ تولدۇرغۇچىسى بولغاندا that نى قىسقارتىۋېتىشكە بولىدۇ، بىراق جۈملىنىڭ ئىگىسى بولغاندا that نى قىسقارتىۋېتىشكە بولمايدۇ.:

| | **Noun Clause (ئىسىم خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملە)** |
|---|---|
| 1. The earth is round? | We believe *that the earth is round.* |
| 2. The earth is round? | We believe *the earth is round.* |
| 3. The earth is round? | *That the earth is round* is a fact. |

## 2. سۈپەت خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملە Adjective clauses

سۈپەت خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملە ئىگە ۋە خەۋەردىن تەركىب تاپىدۇ. سۈپەت خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملە پەقەت باش جۈملىگە باغلانغاندىلا ئاندىن مەنە ئىپادىلەش ۋە مەۋجۇت بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. سۈپەت خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملە باش جۈملىنىڭ بىرەر بۆلىكىدىكى ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىلىرىنى ئېنىقلاپ كېلىدۇ. سۈپەت خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملىلەر who، whom، whose، which، that قاتارلىق مۇناسىۋەت ئالماشلار ياكى when، where قاتارلىق مۇناسىۋەت رەۋىشلىرى بىلەن باشلىنىدۇ.

### سۈپەت خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملىلەرنى پەرقلەندۈرۈش

سۈپەت خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملىلەرنى پەرقلەندۈرۈشتە تۆۋەندىكىدەك ئۇسۇل ۋە بەلگىلەردىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ:

| بېقىندى جۈملە بەلگىسى | ئىشلىتىلىشى ۋە بېقىندى جۈملىدىكى رولى | مىساللار |
|---|---|---|
| who | ئادەملەر .[S] | The men *who* [S] *lived here* were workers.<br>(بۇ يەردە تۇرغان كىشىلەر ئىشچىلار ئىدى.) |
| whom | ئادەملەر .[O] | The woman *whom* [O] *we met* was Gulie.<br>(بىز ئۇچراتقان ھېلىقى ئايال گۈلى.) |
| which | نەرسىلەر [S /O] | That is a book *which* [S] *interests me*.<br>(ئۇ مېنى قىزىقتۇرىدىغان بىر كىتاب.)<br>That is the book *which* [O] I bought yesterday.<br>(ئۇ مەن تۈنۈگۈن سېتىۋالغان كىتاب.) |

| | | |
|---|---|---|
| whose | نەرسلەر / ئادەم ئىگىدارلىق مۇناسىۋىتى | He sent a message *whose meaning we had agreed upon a time.*<br>(ئۇ بىز ئىلگىرى مەزمۇنىغا قوشۇلۇپ بولغان بىر ئۇچۇر ئەۋەتتى.) |
| that | ئادەم ۋە نەرسلەر<br>[S /O] | I know the man *that* [S] *is standing behind the counter*.<br>(مەن پۇكەينىڭ كەينىدە تۇرغان ئادەمنى تونۇيمەن.)<br>They are the men *that* [O] *I saw yesterday*.<br>(ئۇلار مەن تۈنۈگۈن ئۇچراتقان كىشىلەر شۇ.) |
| where | ئورۇن<br>[A] | This is the school *where* [A] *my sister is studying*.<br>(بۇ سىڭلىم ئوقۇۋاتقان مەكتەپ شۇ.) |
| when | ۋاقىت | This is the day *when* [A] *we got married.*<br>(بۇ بىز توي قىلغان كۈن.) |

## سۈپەت خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملىدىكى مۇناسىۋەت ئالماشنىڭ قىسقارتىلىشى

مۇناسىۋەت ئالماش بېقىندى جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولغاندا ئۇنى قىسقارتىۋېتىشكە بولىدۇ، بىراق ئىگە بولغاندا قىسقارتىۋېتىشكە بولمايدۇ، ۋاقىت ھالىتى بولىدىغان when نىمۇ قىسقارتىۋېتىشكە بولىدۇ:

The men *who* [S] *lived here* were workers.

The woman *whom* [O] *we met* was Guly.
The woman *we met* was Guly.

That is a book *which* [S] *interests me*.

That is the book *which* [O] I bought yesterday.
That is the book *I bought yesterday.*

I know the man *that* [S] *is standing behind the counter*.

They are the men *that* [O] *I saw yesterday*.
They are the men *I saw yesterday*.
This is the day *when* [A] *we got married.*
This is the day *we got married*.

مۇناسىۋەت ئالماشلاردىن whose ۋە where نى قىسقارتىۋېتىشكە بولمايدۇ:

He sent a message *whose meaning we had agreed upon a time.*
This is the school *where* [A] *my sister is studying*.

مۇناسىۋەت ئالماشلاردىن that بىر قەدەر ئۇنىۋېرسال بولۇپ، ئۇنى who، whom ۋە which نىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ:

The men *who / that* [S] *lived here* were workers.
The woman *whom / that* [O] *we met* was Guly.
That is a book *which / that* [S] *interests me*.
That is the book *which /that* [O] I bought yesterday.

## سۈپەت خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملىلەرنىڭ ئالدىدا كېلىدىغان ئالدى قوشۇلغۇچىلار

بەزىدە سۈپەت خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملىلەرنى ئالدى قوشۇلغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە ئىشلىتىشكە بولىدۇ:

There are a number of ways ***by which*** *a message can be sent*.
(ئۇچۇر ئەۋەتىشنىڭ نۇرغۇن ئۇسۇللىرى بار.)

ئېغىز تىلىدا ئالدى قوشۇلغۇچى دائىم بېقىندى جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىدۇ، بىراق قېلىپلاشقان يېزىقچىلىقتا دائىم ئالدى

قوشۇلغۇچى بېقىندى جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ:

That was the man ***to whom*** *I was referring to*. (ئۇ مەن گېپىنى قىلىۋاتقان ئادەم شۇ.) <قېلىپلاشقان>

That was the man ***whom*** *I was referring* ***to***. <قېلىپلاشمىغان>

## قىسقارتىلغان سۈپەت خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملىلەر

سۈپەت خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملىلەرنى سۈپەت خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىلىرىگە قىسقارتىشقا بولىدۇ. بۇ سۈپەت خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ ئىگىسى بولمايدۇ، جۈملىنىڭ ئىگە ۋە تولدۇرغۇچى قاتارلىق بۆلەكلىرىدىكى ئىسىم سۆز بىرىكمىلىرىنى ئېنىقلاپ كېلىدۇ.

The man *who is speaking* is American. (سۆزلەۋاتقان كىشى ئامېرىكىلىق.) <بېقىندى جۈملە>

The man *speaking* is American. (سۆزلەۋاتقان كىشى ئامېرىكىلىق.) <سۆز بىرىكمىسى>

سۈپەت خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملىلەر who، which ياكى that قاتارلىق ئىگە بولالايدىغان ئالماشلاردىن تەركىب تاپقان بولسا، ئاندىن قىسقارتىشقا بولىدۇ، باشقىلىرىنى قىسقارتىشقا بولمايدۇ.

The man *who* [S] *is speaking* is American. <بېقىندى جۈملە>

The man *speaking* is American. <سۆز بىرىكمىسى>

The man ***whom*** [] *I met* is my old friend. (مەن كۆرۈشكەن ئادەم مېنىڭ قەدىناس دوستۇم.)

<بۇ جۈملىدىكى بېقىندى جۈملىنى سۆز بىرىكمىسىگە قىسقارتىش مۇمكىنچىلىكى يوق>

**سۈپەت خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملىنى سۆز بىرىكمىسىگە قىسقارتىشنىڭ ئىككى خىل ئۇسۇلى بار:**

(1) بېقىندى جۈملىدە ئىگە بولىدىغان مۇناسىۋەت ئالماش ۋە پېئىل be نىڭ ماس شەكىللىرى قىسقارتىۋېتىلىدۇ:

The man ***who is*** *playing football* is John. (پۇتبول ئويناۋاتقان كىشى جون.) <بېقىندى جۈملە>

The *playing football* is John. <سۆز بىرىكمىسى>

The signals ***which are*** *given* are simple. (بېرىلگەن سىگناللار ئاددىي ئىكەن.) <بېقىندى جۈملە>

The signals ***which are*** *given* are simple. <بېقىندى جۈملە>

The signals *given* are simple. <سۆز بىرىكمىسى>

(2) سۈپەت خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملە پېئىل be ئىشلىتىلمىگەن بېقىندى جۈملە بولسا ئۇ هالدا ئىگە بولىدىغان ئالماشنى قىسقارتىۋېتىپ خەۋەردىكى پېئىلنى ئىزچىل (-ing) شەكلىگە ئايلاندۇرىمىز.

We have an alphabet *that* ***consists*** *of thirty two characters*. <بېقىندى جۈملە>

(بىزدە ئوتتۇز ئىككى هەرپتىن تۈزۈلگەن ئېلىپبە بار.)

We have an alphabet ***consisting*** *of thirty two characters*. <سۆز بىرىكمىسى>

Anyone *who wants to get the news* can come here. <بېقىندى جۈملە>

(خەۋەرنى ئاڭلىماقچى بولغان هەرقانداق ئادەم بۇ يەرگە كەلسە بولىدۇ.)

Anyone *wanting to get the news* can come here. <سۆز بىرىكمىسى>

سۈپەت خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملىلەرنىمۇ، سۆز بىرىكمىلىرىنىمۇ ئادەتتە پەش بىلەن ئايرىپ يېزىشقىمۇ بولىدۇ.

Arkin, *who was the inventor of this mathematical formula,* once studied in this school.

(ئەركىن، بۇ ماتېماتىكىلىق فورمۇلىنىڭ ئىجادچىسى، ئىلگىرى بۇ مەكتەپتە ئوقۇغان.)

Arkin, *the inventor of this mathematical formula,* once studied in this school.

## 3. رەۋىش خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملىلەر Adverb clause

رەۋىش بېقىندى جۈملە ئىگە ۋە خەۋەردىن تەركىب تاپىدىغان، جۈملىدە هالەت رولىنى ئوينايدىغان جۈملە بولۇپ، هالەت بېقىندى جۈملە دەپمۇ ئاتىلىدۇ. رەۋىش خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملە باش جۈملىنىڭ ئالدىدا كېلىشمۇ ياكى كەينىدە كېلىشىمۇ مۇمكىن. باش جۈملىنىڭ ئالدىدا كەلگەندە ئۇ پەش ئارقىلىق باش جۈملىدىن ئايرىلىپ يېزىلىدۇ.

***When*** *he arrived,* I was having breakfast. (ئۇ يېتىپ كەلگەندە مەن ناشتا قىلىۋاتاتتىم.)

I was having breakfast ***when*** *he arrived.*



bilgkut@yahoo.com

## رەۋىش خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملىلەرنىڭ بەلگىلىرى

رەۋىش خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملىنى باش جۈملىدىن پەرقلەندۈرۈش ۋە رەۋىش خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملىنىڭ قانداق مەنە كاتېگورىيىسىنى ئىپادىلەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىش پۈتۈن جۈملىنى توغرا چۈشىنىش ۋە ئىشلىتىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. تۆۋەندە رەۋىش خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملىنى باشلاپ ياكى باغلاپ كېلىدىغان كۆپ ئۇچرايدىغان سۆزلەر مەنە كاتېگورىيىسى بويىچە بېرىلدى:

(1) ۋاقىتنى ئىپادىلەيدىغان بېقىندى جۈملە بەلگىلىرى:

*after, as, before, as soon as, by the time, once, since, till, until, when, whenever, while*

The children ran away ***after*** *they had broken the window*.
(باللار دېرىزىنى چېقىۋەتكەندىن كېيىن قېچىپ كېتىشتى.)

***As*** *I was opening the window,* someone knocked at the door.
(مەن دېرىزىنى ئېچىۋاتقىنىمدا بىرسى ئىشىكنى چەكتى.)

He had lived in Scotland for fifteen years ***before*** *he came to England.*
(ئۇ ئەنگلىيىگە كېلىشتىن ئىلگىرى شوتلاندىيىدە ئون بەش يىلغىچە تۇرغان.)

***As soon as*** *the sun had set* we returned home. ( قۇياش ئولتۇرۇشىغىلا بىز ئۆيگە قايتتۇق.)

I will have left Urumqi ***by the time*** *he receives this letter*.
(ئۇ بۇ خەتنى تاپشۇرۇپ ئالىدىغان چاغدا مەن ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىپ بولغان بولىمەن.)

***Once*** *he goes,* we can clean up. (ئۇ ماڭسىلا بىز تازىلىيالايمىز.)

***Since*** *he came here,* I have got a lot of trouble.
(ئۇ بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى مەن نۇرغۇن ئاۋارىچىلىقلارغا يولۇقتۇم.)

Wait ***till*** *I return*. (مەن كەلگىچە ساقلا.)

I had not understood this problem ***until*** *he explained it*.
(ئۇ چۈشەندۈرۈپ قويغىچە مەن بۇ مەسىلىنى چۈشەنمىگەن ئىدىم.)

***When*** *he had finished lunch* he asked for a glass of water.
(ئۇ چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن بىر ئىستاكان سۇ سورىدى.)

Come ***whenever*** *you like*. (قاچان خالىساڭ شۇ چاغدا كەل.)

***While*** *he was eating*, I asked him to lend me $2.
(ئۇ تاماق يەۋاتقاندا مەن ئۇنىڭدىن ئىككى دوللار بېرىپ تۇرۇشنى سورىدىم.)

(2) ئۇسۇل- چارىنى ئىپادىلەيدىغان بېقىندى جۈملە بەلگىلىرى:

*as    as if    as though    just as    like*

Think ***as*** *I think.* (مەن ئويلىغاندەك ئويلا.)

The ancient people used the stars ***as if*** *they were calendars*.
(قەدىمكىلەر يۇلتۇزلاردىن خۇددى كالېندارغا ئوخشاش پايدىلانغان.)

The Milky Way looks ***as though*** *it is a faint band of light*.
(سامانيولى خۇددى غۇۋا نۇر بەلۋېغىغا ئوخشاش كۆرۈنىدۇ.)

They questioned him ***just as*** *they were police*. (ئۇلار ئۇنى خۇددى ساقچىلاردەك سوراق قىلدى.)

Can you dance ***like*** *she does*. (سەن ئۇسۇلنى ئۇ ئوينىغاندەك ئوينىيالامسەن؟)

(3) سەۋەب ياكى تەسىرنى ئىپادىلەيدىغان بېقىندى جۈملە بەلگىلىرى:

*because    since    as    now that    as long as    so that*

Spacesuits were designed for astronauts ***so that*** *they could breathe in space*.
(ئالەم بوشلۇقى كىيىملىرى ئاسترونوملارنىڭ ئالەم بوشلۇقىدا نەپەس ئالالىشى ئۈچۈن لايىھىلەنگەن.)

***Since*** *some planets are too far away to send people,* computer-operated space probes are sent.
(بەزى پلانېتلار ئادەم ئەۋەتىشكە يىراق بولغاچقا، كومپيۇتېر مەشغۇلات قىلىدىغان ئالەم تەكشۈرۈش ئەسۋابلىرى ئەۋەتىلىدۇ.)

(4) قارشىلىقنى ئىپادىلەيدىغان بېقىندى جۈملە بەلگىلىرى:

*although while though whereas even though*

Most stars are white ***while*** *some are colored.*

(بەزىلىرى خىلمۇ خىل رەڭلىك بولغان بىلەن كۆپىنچە يۇلتۇزلار ئاق رەڭلىك.)

Some people like fat meat, ***whereas*** *others hate it.*

(باشقىلار ئۆچ بولغان بىلەن بەزىلەر سېمىز گۆشكە ئامراق.)

(5) شەرتنى ئەكس ئىپادىلەيدىغان بېقىندى جۈملە بەلگىلىرى:

*if only if in the event that provided that unless even if in case that*

You will see hundreds of stars ***if*** *you look at the sky*.

(ئەگەر ئاسمانغا قارىسىڭىز نۇرغۇن يۇلتۇزلارنى كۆرىسىز.)

You can study distant stars ***provided that*** *you have a radio telescope*.

(ئەگەر سىزدە رادىئو دولقۇنلۇق تېلېسكوپ بولسا سىز يىراقتىكى يۇلتۇزلارنى تەتقىق قىلالايسىز.)

(6) مەقسەتنى ئىپادىلەيدىغان بېقىندى جۈملە بەلگىلىرى:

*in order that in order to so* (*that*)

Astronomers improved the telescopes ***so that*** *they would discover more about the stars.*

(يۇلتۇزلار توغرىسىدا تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى بايقاش ئۈچۈن ئاسترونوملار تېلېسكوپلارنى ياخشىلىدى.)

Astronomers developed bigger and bigger telescopes ***in order to*** *see the stars more clearly*.

(يۇلتۇزلارنى تېخىمۇ ئېنىقراق كۆرۈش ئۈچۈن ئاسترونوملار چوڭ – چوڭ تېلىسكوپلارنى تەرەققىي قىلدۇردى.)

(7) نەتىجىنى ئىپادىلەيدىغان بېقىندى جۈملە بەلگىلىرى:

*so ...that such ...that*

The stars are ***so*** far away ***that*** *they cannot be seen without a telescope*.

(يۇلتۇزلار تېلېسكوپ بولمىسا كۆرگىلى بولمىغىدەك شۇنچە يىراقلىقتا.)

The meteor hit the earth with ***such*** force ***that*** *it made a crater.*

(ئاقار يۇلتۇز يەرشارىغا ئورەك ئېچىۋەتكۈدەك دەرىجىدە قاتتىق ئۇرۇلدى.)

(8) ئورۇننى ئىپادىلەيدىغان بېقىندى جۈملە بەلگىلىرى:

*where wherever everywhere*

There were stars ***wherever*** *she looked.* (ئۇ قارىغانلا جايدا يۇلتۇز بار ئىدى.)

A crater was formed ***where*** *the meteor bit the earth.*

(ئاقار يۇلتۇز چۈشكەن يەردە بىر ئورەك شەكىللىنىپ قالغان ئىدى.)

## قىسقارتىلغان رەۋىش خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملىلەر

رەۋىش خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملىلەرنىمۇ خۇددى سۈپەت خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملىلەرنى قىسقارتقان ئۇسۇللار بىلەن رەۋىش خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىلىرىگە قىسقارتىشقا بولىدۇ. قىسقارتىلغاندىن كېيىن ئىگىسى ۋە خەۋىرى بولمايدۇ. قىسقارتىلغاندىن كېيىنكى رەۋىش خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملە بېقىندى جۈملە بەلگىسى (although قاتارلىقلارغا ئوخشاش) بىلەن پېئىللارنىڭ ئىنچىل (-ing) شەكلى ياكى ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى ۋە ياكى سۈپەتلەردىن تەركىب تاپىدۇ.

*After* ***the space probes landed*** *on Mars,* they began to send back pictures. <بېقىندى جۈملە>

(ئالەم تەكشۈرۈش ئەسۋابلىرى مارسقا قونغاندىن كېيىن رەسىملەرنى ئەۋەتىشكە باشلىدى.)

*After* ***landing*** *on Mars,* ***the space probes*** began to send back picture. <سۆز بىرىكمىسى>

(مارسقا قونغاندىن كېيىن، ئالەم تەكشۈرۈش ئەسۋابلىرى رەسىملەرنى ئەۋەتىشكە باشلىدى.)

*Although* ***the moon rocks were expensive*** *to obtain,* they provided valuable information.

(گەرچە ئاي شارى تاغ جىنسلىرىغا ئېرىشىشكە سەرپىيات كۆپ كەتسىمۇ، بىراق ئۇلار قىممەتلىك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىن ئەتتى.)

*Although* ***expensive*** *to obtain,* ***the moon rocks*** provided valuable information.

(گەرچە ئېرىشىشكە سەرپىيات كۆپ كەتسىمۇ، ئاي شارى تاغ جىنسلىرى قىممەتلىك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىن ئەتتى.)

رەۋىش خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملىلەرنى قىسقارتىشتا، باش جۈملە بىلەن بېقىندى جۈملە ئىگىسى ئوخشاش بولغاندىلا، ئاندىن بېقىندى جۈملىنى قىسقارتىشقا بولىدۇ. ئىگىسى ئوخشاش بولمىسا قىسقارتىشقا بولمايدۇ. مەسىلەن:

*After* ***the space probes landed*** *on Mars,* they began to send back pictures. <بېقىندى جۈملە>

*After* ***landing*** *on Mars,* ***the space probes*** began to send back picture. <سۆز بىرىكمىسى>

*After* ***the space probes sent*** *pictures,* ***astronomers*** examined them. <بېقىندى جۈملە>

(ئالەم تەكشۈرۈش ئەسۋابلىرى رەسىملەرنى ئەۋەتكەندىن كېيىن ئاسترونوملار ئۇلارنى تەكشۈردى.)

<بۇ جۈملىنى سۆز بىرىكمىسىگە قىسقارتىشقا بولمايدۇ، باش ۋە بېقىندى جۈملىنىڭ ئىگىسى ئوخشاش ئەمەس.>

## ئالدى قوشۇلغۇچىلىق ئىبارىلەر

بەزى ئالدى قوشۇلغۇچىلارنىڭمۇ رەۋىش بېقىندى جۈملە بەلگىلىرىگە ئوخشاش مەنىسى ۋە رولى بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنى پەقەت ئىسىم، ئىسىم سۆز بىرىكمىلىرى ۋە ئالماشلار بىلەنلا ئىشلىتىشكە بولىدۇ، بېقىندى جۈملە تەركىبىدە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. بۇلار بىلەن تۈزۈلگەن ئالدى قوشۇلغۇچىلىق بىرىكمىلەر جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. كۆپ ئىشلىتىلىدىغانلىرى تۆۋەندىكىچە:

*because of* *in spite of* *in case of* *during*

Many of the planets are created ***because of*** *meteor bombardment.*

(پلانېتلارنىڭ كۆپىنچىسى مېتېورلارنىڭ سوقۇلۇشى نەتىجىسىدە يارىتىلغان.)

***In spite of*** *the damage to the spacecraft,* the astronauts got back to the Earth safely.

(ئالەم كېمىسى زەخىملەنگەن بولسىمۇ، بىراق ئالەم ئۇچقۇچىلىرى يەرشارىغا ساق- سالامەت يېتىپ كەلدى.)

***In case of*** *contamination,* special suits were worn.

(بۇلغىنىش تۇيۇقسىز يۈز بېرىدىغان ئەھۋالدا ئىشلىتىلىدىغان كىيىم كىيىلگەن.)

Radio receivers were used *during the second world war.*

(ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە رادىئو قوبۇللىغۇچلار ئىشلىتىلگەن.)

**TOEFL**

Toefl چەتئەل تىلى سۈپىتىدىكى ئىنگلىزتىلى ئىمتىھانى (Test Of English as a Foreign Language) نىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇپ، ئانا تىلى ئىنگلىزتىلى بولمىغان، شىمالى ئامېرىكا قىتئەسى دۆلەتلىرىنىڭ ئالىي مەكتەپلىرىدە ئوقۇشنى پىلانلىغان كىشىلەرنىڭ ئىنگلىزتىلى سەۋىيىسىنى ئۆلچەش مەقسىتىدە لايىھىلەنگەن ئىمتىھان بولۇپ، ئامېرىكا مائارىپ ئىمتىھان مۇلازىمىتى (ETS) مەركىزى (Educational Testing Service) تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدۇ. دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان ئالىي مەكتەپلەر ئېتىراپ قىلىدۇ. ھەرقانداق ئىرق، ھەرقانداق مىللەت ۋە ھەرقانداق جىنىستىكى ھەرقانداق دۆلەت پۇقراسى بۇ ئىمتىھانغا قاتناشسا بولىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى توردىن www.toefl.com ياكى www.toefl.org بەتلىرى ئارقىلىق سۈرۈشتۈرۈشكە ۋە ئىمتىھان ئۇچۇرلىرى ۋە تىزىملىتىش جەدۋەللىرىنى مۇشۇ تور بەت ئارقىلىق تەلەپ قىلىشقا بولىدۇ، ETS بۇ ماتېرىياللارنى سىزگە ھەقسىز ئەۋەتىپ بېرىدۇ. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى چەتئەل تىللىرى ئىنستىتۇتىدا ئىمتىھان نۇقتىسى بار.

**GRE**

GRE ئامېرىكا ئالىي مەكتەپلىرى ئاسپىرانت ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا تەلەپ قىلىدىغان، ETS تەرىپىدىن ئېلىنىدىغان Graduate Record Examinations نىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇپ، ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ، بىرسى ئانالىز قىلىش، چۈشىنىش، ماتېماتىكىلىق مەسىلەرنى بىرتەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆلچەيدىغان ئادەتتىكى ئىمتىھان (General Test)، يەنە بىر كەسىپلەر بويىچە ئېلىنىدىغان ئىمتىھان (Subject tests) دىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنگلىزتىلىدا ئېلىنىدۇ.( www.gre.com ، www.gre.org )

**GMAT**

بۇ Graduate Management Admission Test نىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇپ، ETS تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان، شىمالى ئامېرىكىدىكى ئالىي مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەتقىقات باسقۇچىدىكى ئۆگىنىش سالاھىيىتىنى بېكىتىشتە تەلەپ قىلىدىغان، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىل، ماتېماتىكا ۋە ئانالىز قىلىش ئىقتىدارىنى سىناشنى مەقسەت قىلىدىغان ئىمتىھان.( www.gmat.org ، www.ets.org )

**TOEIC**

بۇ the Test Of English for International Communication نىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇپ، ETS تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان، خەلقئارالىق ئالاقە ئىقتىدارىنى سىنايدىغان ئىنگلىزتىلى ئىمتىھانى.( www.toeic.com )

# Types of conditional sentences شەرتلىك جۈملىلەرنىڭ تۈرلىرى

شەرتلىك جۈملىلەر شەرتلىك بېقىندى جۈملىلەر بىلەن باش جۈملىدىن تەركىب تاپىدۇ. شەرتلىك بېقىندى جۈملىنىڭ ئاساسلىق بەلگىسى if بولۇپ، ئۇ شەرتلىك بېقىندى جۈملىنى باشلاپ كېلىدۇ. تۆۋەندىكى جۈملىدىكى ‘if it rains’ شەرتلىك بېقىندى جۈملە، ‘I shall stay at home’ باش جۈملە بولىدۇ:

*If it rains* I shall stay at home. (ئەگەر يامغۇر ياغسا مەن ئۆيدە ئولتۇرىمەن.)

ئىنگلىز تىلىدا ئۈچ خىل شەرتلىك جۈملە بولۇپ، ھەر بىر خىلى ئوخشاش بولمىغان زامان شەكىللىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. ھەر بىر تۈردە مەلۇم پەرقلەر مەۋجۇت بولىدۇ.

## 1. شەرتلىك جۈملىلەرنىڭ بىرىنچى تۈرى Conditional sentences type 1

شەرتلىك جۈملىدىكى شەرتلىك بېقىندى ھازىرقى زامان (Present) دا، باش جۈملە كەلگۈسى زامان ئاددىي شەكىل (Future simple tense) دە كېلىدۇ. بۇ ئىككى تارماق جۈملىدىن قايسىبىرىنىڭ ئالدىدا كېلىشى ئانچە مۇھىم بولمايدۇ. ئاساسلىق قۇرۇلمىسى ... + If + clause + [s] + will / shall بولۇپ، if نىڭ كەينىدىكىسى ھازىرقى زامان شەكلىدە كېلىدۇ، باش جۈملىنىڭ خەۋىرىدە will ياكى shall بىرىنچى يارەمچى پېئىل بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

***If*** he runs he will get there in time. (ئەگەر ئۇ يۈگۈرسە ئۇ يەرگە ۋاقتىدا يېتىپ بارىدۇ.)

The cat will scratch you ***if*** you pull her tail. (ئەگەر قۇيرۇقىنى تارتسىڭىز بۇ مۈشۈك مىياڭلايدۇ.)

بۇ تۈردىكى شەرتلىك جۈملىدە، if بىلەن باشلىنىدىغان بېقىندى جۈملىدىكى ئىش- ھەرىكەت ئېھتىماللىقنى ئاساس قىلىدۇ. بۇ تۈردىكى شەرتلىك جۈملىنىڭ باش جۈملىسىدە ئىپادىلەنگەن ئىش- ھەرىكەت ھازىرقى ياكى كەلگۈسىدىكى ئىش- ھەرىكەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بېقىندى جۈملىدە شەرتنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان ئىش- ھەرىكەت كەلگۈسى زاماندا بولماستىن بەلكى ھازىرقى زاماندا كېلىدۇ. كەلگۈسى زاماندا كېلىدىغان ئەھۋال ئاز ئۇچرايدۇ.

### باش جۈملىدە كۆرۈلىدىغان ئۆز گىرىشلەر Variations of the main clause

باش جۈملىنىڭ خەۋىرىدە will بىلەن shall ئىشلىتىلىپلا قالماستىن، يەنە تۆۋەندىكىدەك ئېھتىياجلار ئۈچۈن باشقا تۈس پېئىللارنىمۇ ئىشلىتىشكە بولىدۇ:

(a) مۇمكىنچىلىكنى ئىپادىلەش ئۈچۈن may ياكى might نى ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

If the fog gets thicker *the flight **may / might** be cancelled.*

(ئەگەر تۇمان تېخىمۇ قويۇقلاشسا بۇ قېتىمقى ئۇچۇش ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى مۇمكىن.)

(b) رۇخسەتنى ئىپادىلەش ئۈچۈن may، رۇخسەت ياكى ئىمكانىيەتنى ئىپادىلەش ئۈچۈن can ئىشلىتىلىدۇ.

If your documents are in order *you **may / can** leave at once.*

(ئەگەر ھۆججەتلىرىڭىز جايىدا بولسا دەرھال ماڭسىڭىز بولىدۇ.)

If it stops snowing *we **can** go out.* (ئەگەر قار توختىسا بىز سىرتقا چىقساق بولىدۇ.)

(c) بۇيرۇق، تەلەپ ۋە نەسىھەتنى ئىپادىلەش ئۈچۈن must ياكى should نى ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

If you want to lose wait *you **must / should** eat less bread.*

(ئەگەر ئورۇقلىماقچى بولسىڭىز، سىز چوقۇم بولكىنى ئاز يېيىشىڭىز كېرەك.)

If you want to lose wait *you **had better** eat less bread.*

(ئەگەر ئورۇقلىماقچى بولسىڭىز سىز ياخشىسى بولكىنى ئاز يېيىشىڭىز كېرەك.)

If you want to lose wait *eat less bread.* (ئەگەر ئورۇقلىماقچى بولسىڭىز بولكىنى ئاز يەڭ.)

If you see Tom ***could** you tell him to telephone me*?

(ئەگەر تومنى ئۇچرىتىپ قالسىڭىز، ئۇنىڭغا ماڭا تېلېفون قىلىشنى ئېيتىپ قويامسىز؟)

(d) تەبىئىي ياكى ئادەت خاراكتېرلىك نەتىجىلەرنى ئىپادىلەش ئۈچۈن باش جۈملىدە ھازىرقى زامان ئىشلىتىلىدۇ:

If you heat ice *it **turns / will turn** to water.* (ئەگەر مۇزنى قىزدۇرسىڭىز سۇغا ئايلىنىدۇ.)

If there is a shortage of any product *prices of that product* ***go up / will go up.***

(ئەگەر بىرەر مەھسۇلاتنىڭ قىسچىلىقى كۆرۈلسە، شۇ مەھسۇلاتنىڭ باھالىرى ئۆسىدۇ.)

## شەرتلىك بېقىندى جۈملىدىكى ئۆزگىرىشلەر Variations of the *if-clause*

(a) شەرتلىك بېقىندى جۈملىدە ھازىرقى ھەرىكەت ياكى كەلگۈسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن if نىڭ كەينىدىن ھازىرقى زامان ئىزچىل شەكلىدىكى جۈملىلەرنى ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

*If you* ***are waiting*** *for a bus*, you had better join the queue.
(ئەگەر ئاپتوبۇس ساقلاۋاتقان بولسىڭىز، ياخشىسى رەتكە تىزىلىڭ.)

*If* you **are looking** for Peter *you can find him upstairs.*
(ئەگەر پېتىرنى ئىزلەۋاتقان بولسىڭىز، سىز ئۇنى ئۈستۈنكى قەۋەتتىن تاپالايسىز.)

*If you* ***are staying*** *for another night* I will ask the manager to give you a better room.
(ئەگەر يەنە بىر كېچە تۇرماقچى بولسىڭىز، مەن دىرېكتورغا سىزگە ياخشىراق ياتاق بېرىشنى ئېيتاي.)

(b) شەرتلىك بېقىندى جۈملىلەردە يەنە ھازىرقى زامان پۈتكەن شەكلىدىكى جۈملىلەرنىمۇ ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

*If you* ***have finished*** *the dinner* I will ask the waiter for the bill.
(ئەگەر تاماقىڭىزنى يەپ بولغان بولسىڭىز، مەن كۈتكۈچىنى ھېساۋات قىلىشقا چاقىراي.)

*If he* ***has written*** *the letter* I will post it. (خەتنى يېزىپ بولغان بولسىڭىز، مەن پوچتىدىن سېلىۋېتەي.)

*If they* ***haven't seen*** *the museum* we had better go there today.
(ئەگەر ئۇلار مۇزېينى كۆرمىگەن بولسا، بىز ياخشىسى ئۇ يەرگە بۈگۈن بارايلى.)

## 2. شەرتلىك جۈملىلەرنىڭ ئىككىنچى تۈرى Conditional sentence type 2

بۇ تۈردىكى شەرتلىك جۈملىلەرنىڭ بېقىندى جۈملىسى ئۆتكەن زاماندا كېلىدۇ، باش جۈملىسى شەرتلىك زاماندا كېلىدۇ:

*If I* ***had*** *a map* I **would lend** it to you. (ئەگەر مەندە خەرىتە بولغان بولسا سىزگە بېرىپ تۇرغان بولاتتىم.)

*If someone* ***tried*** *to rob me* I would tell the police.
(بىرەرسى مېنى بۇلاشقا ئۇرۇنغان بولسا ساقچىغا مەلۇم قىلغان بولاتتىم.)

بۇ تۈردىكى جۈملىلەرنىڭ باش جۈملىسى گەرچە شەرتلىك زاماندا كەلسىمۇ، شەرتلىك جۈملىلەرنىڭ بىرىنچى تۈرىگە ئوخشاش ھازىر ياكى كەلگۈسىدىكى ئىش-ھەرىكەتلەرنى ئىپادىلەيدۇ، شۇنداقلا بېقىندى جۈملىسىدە ئىپادىلەنگەن ئۆتكەن زامان ھەقىقى ئۆتكەن زامان بولماستىن بەلكى غەيرىي ھەقىقەت (بىرىنچى مىسالدىكىدەك) ياكى غەيرىي ئېھتىماللىق (ئىككىنچى مىسالدىكىدەك) نى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان ئۆتكەن زامان بولىدۇ.

### ئىشلىتىلىشى

(1) قىياس ئېنىق پاكىتلار بىلەن قارىمۇ قارشى بولغاندا بۇ تۈردىكى شەرتلىك جۈملىلەر ئىشلىتىلىدۇ:

*If I lived near my office* I would be in time for work. (But I don't live near my office.)
(ئەگەر مەن ئىشخانامغا يېقىن يەردە تۇرغان بولسام ئىشقا ۋاقتىدا كەلگەن بولاتتىم.) (بىراق ئىشخانامغا يېقىن يەردە تۇرمايمەن.)

*If I were you* I would plant some trees round the house. (But I am not you.)
(ئەگەر مەن سىزنىڭ ئورنىڭىزدا بولغان بولسام قورۇ ئەتراپىغا دەرەخلەرنى تىككەن بولار ئىدىم.) (بىراق مەن سىز ئەمەس.)

(2) بېقىندى جۈملىدىكى ئىش-ھەرىكەتنىڭ يۈز بېرىشىنى ئۈمىد قىلمىغاندا ئىشلىتىلىدۇ:

*If a thief came into my room at night* I would scream. (But I don't expect a thief to come.)
(ئەگەر بىرەر ئوغرى كېچىدە ئۆيۈمگە كىرسە، مەن ۋارقىرىغان بولاتتىم.) (مەن بىرەر ئوغرىنىڭ كېلىشىنى ئۈمىد قىلمايمەن.)

*If I dyed my hair blue* everyone would laugh at me. (But I don't intend to dye it.)
(ئەگەر مەن چېچىمنى كۆك رەڭدە بويىغان بولسام، ھەممەيلەن مېنى مەسخىرە قىلغان بولار ئىدى.) (بىراق مېنىڭ بويىغىم يوق.)

بەزى بېقىندى جۈملىلەرنى يۇقىرىدىكى ئىككى خىل ئەھۋالنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئۈچۈن ئىشلىتىشكە بولىدۇ:

*If left his bicycle outside* someone would steal it.
(ئۇ ۋېلىسىپىتىنى سىرتتا قويغان بولسا بىرەرسى ئوغرىلاپ كېتەر ئىدى.)

شەرتلىك جۈملىلەردە ئادەتتە ئۈچىنچى شەخس بىرلىك بىلەن was ئەمەس، بەلكى were ئىشلىتىلىدۇ:

***If he / she / it / Ahmet were …***

*If he were there* he would help you. (ئەگەر ئۇ بۇيەردە بولغان بولسا سىزگە ياردەم قىلغان بولاتتى.)

She would do better *if she were you*. (ئۇ سىزنىڭ ئورنىڭىزدا بولغان بولسا تېخىمۇ ياخشى قىلغان بولاتتى.)

### Variations in the main clause باش جۈملىدىكى ئۆزگىرىشلەر

(a) مۇمكىنچىلىك ياكى ئىمكانىيەتنى ئىپادىلەش ئۈچۈن would نىڭ ئورنىغا might ياكى could ئىشلىتىلىشى مۇمكىن:

If you tried again *you **would** succeed.* (يەنە بىر ئۇرۇنغان بولسىڭىز غەلىبە قىلاتتىڭىز.) <مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن>

If you tried again *you **might** succeed.* (يەنە بىر ئۇرۇنغان بولسىڭىز غەلىبە قىلىشىڭىز مۇمكىنتى.) <مۇمكىنچىلىك>

If you tried again *you **could** succeed.* (يەنە بىر ئۇرۇنغان بولسىڭىز غەلىبە قىلالايتتىڭىز.) <ئىمكانىيەت>

If he had a permit *he **could** get a job.* <ئىمكانىيەت ياكى رۇخسەت>

(ئەگەر ئۇنىڭ كىنىشكىسى بولغان بولسا خىزمەت تاپالايتتى.)

(b) شەرتلىك زامان ئاددىي شەكلىنىڭ ئورنىغا شەرتلىك زامان ئىزچىل شەكلى ئىشلىتىلىشى مۇمكىن:

Peter is on holiday; he is touring Italy. (پېتىر دەم ئېلىشتا، ئۇ ئىتالىيىنى ساياھەت قىلىۋاتىدۇ.)

If I were on holiday *I would / might be touring Italy too.*

(ئەگەر دەم ئېلىشتا بولغان بولسام مەنمۇ ئىتالىيىنى ساياھەت قىلىۋاتقان بولاتتىم.)

(c) ئۆتمۈشتىكى ئادەت ياكى تەبىئىي ئىنكاسنى ئىپادىلىمەكچى بولغاندا باش جۈملە ئۆتكەن زاماندا كېلىشى مۇمكىن:

If anyone interrupted him *he **got** angry*. (ئەگەر بىرەرسى ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈپ قويسا ئۇ ئاچچىقلىناتتى.)

If there was scarcity of anything *prices of that thing **went** up*.

(ئەگەر بىرەر نەرسىنىڭ قىسلىقى كۆرۈلسە شۇ نەرسىنىڭ باھاسى ئۆرلەيتتى.)

### Variations in *if clause* شەرتلىك بېقىندى جۈملىدىكى ئۆزگىرىشلەر

بۇ تۈردىكى شەرتلىك جۈملىلەرنىڭ بېقىندى جۈملىسىدە ئۆتكەن زامان ئاددىي شەكلىدىن باشقا يەنە:

(a) ئۆتكەن زامان ئىزچىل شەكلىنىمۇ ئىشلىتىشكە بولىدۇ:

*If we **were going** by ship* I would feel much happier.

(پاراخوت بىلەن مېڭىۋاتقان بولساق تېخىمۇ خۇشال بولغان بولاتتىم.)

*If my car **was working*** I would / could drive you to station.

(ئەگەر ماشىنام ماڭغان بولسا مەن سىزنى بېكەتكىچە ئاپىرىپ قوياتتىم.)

(b) ئۆتكەن زامان پۈتكەن شەكلىنىمۇ ئىشلىتىشكە بولىدۇ:

*If had taken my advice* he would be rich.(ئەگەر ئۇ نەسىھەتىمنى ئاڭلىغان بولسا باي بولۇپ قالاتتى.)

## 3. شەرتلىك جۈملىلەرنىڭ ئۈچىنچى تۈرى Conditional sentence type 3

بۇ تۈردىكى جۈملىلەرنىڭ بېقىندى جۈملىسى ئادەتتە ئۆتكەن زامان پۈتكەن شەكلدە، باش جۈملىسى شەرتلىك زامان پۈتكەن شەكلدە كېلىدۇ. مەنە جەھەتتىن، بېقىندى جۈملىدىكى ئىش- ھەرىكەت يۈز بەرمىگەن بولغاچقا، ۋاقت ئۆتۈپ كەتكەن، بىراق شەرت قانائەتلەندۈرۈلمىگەن بولىدۇ.

*If I **had known** that you were coming* I **would have met** you at the airport.

(ئەگەر سىزنىڭ كېلىۋاتقانلىقىڭىزنى بىلگەن بولسام سىز بىلەن ئايرودورومدا كۆرۈشكەن بولار ئىدىم.)

[But I didn’t know, so I didn’t come. (بىراق مەن بىلمىدىم، شۇڭا بارمىدىم.) ]

*If he **had tried** to leave the country* he **would have been stopped** at the frontier. (But he didn’t try.)

(ئەگەر ئۇ بۇ دۆلەتتىن ئايرىلىشقا ئۇرۇنغان بولسىدى، چېگرىدا توسۇلۇپ قالغان بولار ئىدى.) (ئۇ ئۇنداق قىلىشقا ئۇرۇنمىدى.)

### مۇمكىن بولىدىغان ئۆزگىرىشلەر Possible variations

(a) ئىمكانىيەت، مۇمكىنچىلىك ياكى رۇخسەتنى ئىپادىلەشتە باش جۈملىدىكى would نىڭ ئورنىغا could ياكى might ئىشلىتىلىدۇ:

If we had found her earlier *we* ***could*** *have saved her life.* <ئىمكانىيەت>

(ئەگەر بىز ئۇنى بالدۇرراق تاپالىغان بولساق، ئۇنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالالىغان بولار ئىدۇق.)

If we had found her earlier *we* ***might*** *have saved her life.* <مۇمكىنچىلىك>

(ئەگەر بىز ئۇنى بالدۇرراق تاپالىغان بولساق، ئۇنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالالىشىمىز مۇمكىن ئىدى.)

If our documents had been in order *we* ***could have left*** *at once.* <رۇخسەت ياكى مۇمكىنچىلىك>

(ئەگەر ھۆججەتلىرىمىز جايىدا بولغان بولسا، بىز دەرھال ماڭالىغان بولار ئىدۇق.)

(b) باش جۈملىدىكى شەرتلىك زاماننىڭ ئورنىغا شەرتلىك زامان پۈتكەن ئىزچىل شەكىللىرى ئىشلىتىلىشى مۇمكىن:

If Tom had not been there *I* ***would have been sitting*** *there.*

(ئەگەر توم بولمىغان بولسا ئۇ يەردە مەن ئولتۇرۇۋاتقان بولار ئىدىم.)

(c) بېقىندى جۈملىدىكى ئۆتكەن زامان پۈتكەن شەكلىنىڭ ئورنىغا ئۆتكەن زامان پۈتكەن ئىزچىل شەكىللىرى ئىشلىتىلىشى مۇمكىن:

*If Tom* ***had not been sitting*** *there* I would have been sitting there.

(ئەگەر توم ئولتۇرىۋالمىغان بولسا ئۇ يەردە مەن ئولتۇرۇۋاتقان بولار ئىدىم.)

(d) بۇ تۈردىكى شەرتلىك جۈملىلەر بىلەن ئىككىنچى تۈردىكى شەرتلىك جۈملىلەرنى باغلاپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ:

If I **had worked** harder at school I **would be sitting** in a comfortable office now. I wouldn't be sweeping the streets.

(ئەگەر مەن مەكتەپتە ياخشى ئوقۇغان بولسام ياخشى ئىشخانىدا ئولتۇرۇۋاتقان بولار ئىدىم. كوچا تازىلاپ يۈرمىگەن بولار ئىدىم.)

If I **had caught** that plane I **would be dead** now. (I **would have been killed**.)

(ئەگەر ئۇ ئايروپىلانغا ئۈلگۈرگەن بولسام بۇ چاغقىچە ئۆلۈپ بولغان بولار ئىدىم.)

(e) بېقىندى جۈملىدىكى had نى ئىگىنىڭ ئالدىغا ئالماشتۇرۇپ if نى قىسقارتىۋېتىشكە بولىدۇ:

***If you had*** *obeyed the order* this disaster would not have happened.

= ***Had you*** *obeyed the order* this disaster would not have happened.

(بۇيرۇققا بويسۇنغان بولساڭ بۇ بالا- قازا يۈز بەرمىگەن بولاتتى.)

## 4. will/would/should لارنىڭ ئالاھىدە ئىشلىتىلىشى Special uses of *will/would/should*

ئادەتتە بۇ ياردەمچى پېئىللار if نىڭ كەينىدىن يەنى شەرتلىك جۈملىنىڭ بېقىندى جۈملىسىدە ئىشلىتىلمەيدۇ. بىراق تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللار بۇنىڭ سىرتىدا:

(a) if بىلەن كېلىدىغان بېقىندى جۈملىدە شەرتنى تەكەللۇپ بىلەن ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغاندا will، تېخىمۇ كۆچلۈكرەك تەكەللۇپ بىلەن ئىپادىلىمەكچى بولغاندا would ئىشلىتىلىدۇ:

*If you* ***will / would*** *wait a moment* I'll prepare the documents for you.

(ئەگەر بىردەم ساقلاپ تۇرسىڭىز مەن ھۆججەتلەرنى سىزگە تەييارلاپ بېرىمەن.)

(b) will بىلەن would ھەرقانداق بىر شەخس بىلەن بىرلىكتە رازىلىق ياكى ئىرادىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە ئىشلىتىلىدۇ:

*If he* ***will listen (will be listening)*** *to me* I'll be able to help him.

(ئۇ گېپىمنى ئاڭلىسا (ئاڭلاشنى خالىسا) مەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلالايتتىم.)

*If Tom* ***would tell*** *me what he wants for dinner,* I would cook it for you.

(ئەگەر توم كەچلىك تاماق ئۈچۈن نېمە كېرەك قىلىدىغانلىقىنى ماڭا ئېيتسا مەن ئۇنىڭغا پىشۇرۇپ بېرەتتىم.)



bilgkut@yahoo.com

بۇنداق جۈمللەردە شەرتنىك رەت قىلىنىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن won’t ئىشلىتىلىدۇ:

*If he* ***won’t listen*** *to me* I can’t help him. (ئەگەر ئۇ گېپىمنى ئاڭلىمسا، ئۇنىڭغا ياردەم قىلالمايمەن.)

*If they* ***wont accept*** *a check* we will have to pay cash.

(ئەگەر ئۇلار چەكنى قوبۇل قىلمىسا، بىز نەق پۇل تاپشۇرۇشىمىز كېرەك.)

(**c**) شەرتلىك بېقىندى جۈمللەردە should ئىشلىتىلگەندە ئۇنى جۈملىنىڭ ئېگىسىنىڭ ئالدىغا ئالماشتۇرۇپ، if نى قىسقارتىۋېتىشكە بولىدۇ:

*If these biscuits* ***should*** *arrive in a damaged condition* please inform the factory.

= ***Should*** *these biscuits arrive in a damaged condition* please inform the factory.

(ئەگەر پېچىنلەر ئېزىلىپ كەتكەن ھالەتتە يېتىپ كەلسە، زاۋۇتقا خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇڭ.)

## if/even if/whether/unless/but for/otherwise/in case/if only ·5

**even if = even though**

You must go tomorrow ***if*** *you are ready*. (ئەگەر تەييار بولساڭ ئەتە مېڭىشىڭ كېرەك.)

You must go tomorrow ***even if*** *you aren’t ready*. (گەرچە تەييار بولمىساڭمۇ ئەتە مېڭىشىڭ كېرەك.)

**whether …or = if … or**

You must go tomorrow ***whether*** *you are ready or not*. (تەييار بول ياكى بولما، ئەتە مېڭىشىڭ كېرەك.)

**unless = if …not**

***Unless*** *you start at once* you’ll be late. (ئەگەر دەرھال باشلىمىساڭ كېچىكىپ قالىسەن.)

= ***If*** *you don’t start at once* you’ll be late. (ئەگەر دەرھال باشلىمىساڭ كېچىكىپ قالىسەن.)

**but for = if it were not for / if it hadn’t been for**

My father pays my fees. ***But for*** *that* I wouldn’t be here.

(دادام مېنىڭ ھەقلىرىمنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا مەن بۇ يەردە تۇرمايتتىم.)

My car broke down. ***But for*** *that* we would have been in time.

(ماشىنا بۇزۇلۇپ قالدى. ئۇنداق بولمىغاندا بىز ۋاقتىدا يېتىپ كېلەلەيتتۇق.)

**otherwise = if this doesn’t/didn’t/happen / hadn’t happened**

We must be back before midnight; ***otherwise*** we’ll be locked out.

(بىز يېرىم كېچىگىچە قايتىپ كېتىشىمىز كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا سىرتتا قالىمىز.)

= *If we are not back by midnight* we’ll be locked out.

**in case**

I always slept by the phone ***in case*** *he rang during the night*.

(مەن ئۇ تېلېفون قىلىپ قالارمىكىن دەپ دائىم تېلېفوننىڭ يېنىدا ئۇخلىدىم.)

= I always slept by the phone ***because*** *I knew he might ring during the night*.

**if only**

***If only*** *he comes in time* we’ll win the match. (پەقەت ئۇ ۋاقتىدا كېلەلىسىلا بىز مۇسابىقىدە يېڭىمىز.)

***If only*** *he hadn’t smoke* there would be no disaster.

(ئەگەر ئۇ تاماكا چەكمىگەن بولسا، بۇ يەردە ھېچقانداق بالا-قازا بولماس ئىدى.)

# 15. ئىدىيوملار Idioms

